
5
1991
ياچيكا تۇرمۇشى

⇩ ئىلى 1 - يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بوياقچىلىق سېخىنىڭ ئىشچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى ۋاڭ بەنبې (خوبېزى) كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىر يۇرۇش پۇختا مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، ھەر ئايلىق ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ئۇ ئورۇنلىغان ۋەزىپىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى»، ئوبلاست بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى. سالام خەۋرى ۋە فوتوسى







⇧ كورلا شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى سايباغ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى روزى غوجا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، كەمـ ـبىي سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، پاك، دىيانەتلىكى باشتىن ئاخىر ساقلاپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ يېقىنـ ـقى ئوچ يىلدىن بۇيان، ئىدارە ۋە شەھەر تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى. پەرھات مۇھەممەتھۇشۇر فوتوسى

⇦ ئىلى 1 - يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى يىرىك يۇڭ يىپ سېخى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ھەمراھ خىزمەتتە ئەستايىدىل. ئىشتا ئادىل بولۇپ، ئۇ سېخنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقتىن، 1990 - يىلى ئوبلاست بويىچە «مۇنەۋۋەر سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتچى» ۋە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى. سالام فوتوسى





⇧ مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئەپىش خىزمەتچىسى، لوپ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئەپىش خادىمى، كومپارتىيە ئەزاسى مەتتۇرسۇن ئوختى خىزمەتتە ئۈلگە بولۇپ، ئادىل، پاك دىيانەتلىك بولغاچقا، ناھىيىلىك ئورگانلار پارتكومى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ باھالاندى. شۇ يېرۇڭ خەۋىرى ۋە فوتوسى

⇨ كورلار شەھىرى چارباغ يېزا بوستان كەنتىنىڭ ئاياللار خىزمىتى تۇردىخان ياسىن 1985 - يىلى ئائىلە ملك بويەنگە بىر يۈرۈش كىنو ئاپاراتى سېتىۋېلىپ، كەنتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. شۇڭا ئۇ يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان يېزا، شەھەر ۋە ئوبلاست بويىچە «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى. پەرھات مۇھەممەت ھۇشۇر فوتوسى.

# ماركسزم - لېننزملق پارتيه قۇرۇش پرنسپدا چڭ تۇرۇش لازم

يېڭى ۋەزيەتتە، بز مۇهم ئككى ۋەزىپە ئالددا تۇرماقتمز. ئۇ بولسمۇ، بىرىنچى، ئگلكنى يۈكسەلدۈرۈش، ئككىنچدن، ئچكى ۋە تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتۋېتشگە قارشى تۇرۇش. بۇنىڭ ئاچقۇچى — پارتيه قۇرۇلۇشىنى ياخشلاشتا. ماركسزم - لېننزملق پارتيه قۇرۇش پرنسپدا چڭ تۇرۇپ، پارتيمزنى ماركسزم - لېننزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئدىيسى بلەن قوراللانغان، ئخچمۇ قۇدرەت تاپقان ئشچلار سنپنڭ ئاۋانگارت ئەترتى، خەلققە رەهبەرلك قلپ جۇڭگوچە سوتسيالزم قۇرۇشنڭ قۇدرەتلك يادروسى قلپ قۇرۇپ چقشمز لازم. پارتيه قۇرۇلۇشى توغرسدكى نەزەريه تەتقاتى ماركسزمنى يېتەكچى قلشتن ئبارەت بۇ ئاساسى تېمنى دەۋرى قلغان هالدا ئېلپ بېرلشى كېرەك. نەزەريىنى ئەمەلىيەتكە تەدبقلاش پرنسپدا چڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، تەتقق قلشقا كۈچ سەرپ قلپ، يېڭى ئەهۋاللار ئۈستدە ئەستايدل تەهلل يۈرگۈزۈپ، رېئال تۇرمۇشتا ئوتتۇرغا قويۇلغان مەسلىلەرگە ئلمي جاۋاب بېرش لازم. پۈتكۈل پارتيىدكى يولداشلارنڭ قەتئي بوشاشماي ترشچانلق كۆرستشى ئارقسدا، نەزەريىنڭ ئەمەلىيەتكە بولغان غايەت زور يېتەكچلك رولنڭ جارى قلنشغا ئشنشكە بولدۇ، دەرۋەقە، نەزەريىنڭ ئۆزمۇ ئۈزلۈكسز بېيپ بارىدۇ ۋە تەرەققي قلدۇ.

(يولداش سۇڭ پىڭنىڭ «پارتيه قۇرۇلۇشى توغرسدكى نەزەريه يغننڭ يېپلش مۇراسمى»دا سۆزلگەن سۆزىدن)

# ياچيىكا تۇرمۇشى

(ئايلىق ژۇرنال)

1991 - يىل 5 - سان



ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشۋىقات، تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.


| | |
|---|---|
| مۇھىم ھۆججەت ۋە مۇھىم ئىشلار | ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات ۋە تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيۋى تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى ...................... 4 |
| پارتىيە قۇرۇلـ-غانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز | جانىجان پارتىيەمگە تەشەككۈر ...................... ھوشۇر ئەمەت 11 |
| ئاۋانگارتلار كۆركى | ئەل ئۈچۈن سوققان يۈرەك ...................... ئا. ئابلىز 14 |
| گۈل ۋە تىكەن | كەسپكە باغلانغان رىشتە ...................... (تۆت پارچە) ...................... 12 |
| پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاممىباب دەرسلىك ...................... 17<br>ئۈچىنچى قىسىم پارتىيىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ...................... 17<br>بىرىنچى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىش لازىم ...................... 17<br>ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ...................... 21<br>ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ...................... 25 |

«ياچېيكا تۆرمۆشى» رېداكسىيىسى
نەشر قىلدى

ئومۇمىي 327 ـ سان

● شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
● مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65—1003/Z
● مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
● ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
● ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورو؛
● تېلېفون: باش ئاپپارات 217524، 217532 تارقىلىش 698، 829؛
● ۋەكالەت نومۇرى: 42 — 58؛ باھاسى 0.50 يۈەن؛ پوچتا نومۇرى: 830003

پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى

تۆتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ........................ 28
بەشىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ....... 33
ئالتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىسى ........................ 38
يەتتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ....... 42
سەككىزىنچى، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم ..... 47
توققۇزىنچى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى توغرا يۈرگۈزۈش كېرەك ..... 54
ئونىنچى، يېزىلىق ـ بازارلىق پارتكومنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى .......... 59
ئون بىرىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ........................ 63
ئون ئىككىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ........................ 67
تۆتىنچى قىسىم ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتكە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر .................. 70
بىرىنچى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەت قارىشى ....... 70

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات، تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنىنىڭ «1991 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىدا، 1990 - يىل قىشتىن باشلاپ، ئىككى، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش قارار قىلىنىدى. بۇ قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1. سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش — پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىز يېزىلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. كەڭ دېھقانلار پارتىيە رەھبەرلىكىدە قىممەتلىك يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ۋە خوجايىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىدا غايەت زور تۆھپە ياراتتى. ئۇلار ھەم ئىسلاھاتقا قاتناشقۇچىلار، ھەم ئىسلاھاتتىن نەپ ئالغۇچىلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتىدىن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنىڭ پارتىيە ۋە سوتسىيالىزم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى چىن كۆڭۈل - سەممىي نىيەت بىلەن ھىمايە قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» بولغان بىر تۈركۈم يېڭىچە دېھقان ئۇسۇپ يېتىلمەكتە.

لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ئالدىنقى بىر قانچە يىلدا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ توغرىسىدىكى تەربىيە بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، «بىرنى چىڭ، بىرنى بوش تۇتۇش» تەك تەكشىسىزلىك ئەھۋالى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلدى، شۇنداقلا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان بەزى سىياسەتلىرىنىڭ تازا مۇكەممەل بولۇپ كېتەلمەسلىكىتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساھەسىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، بەزى كادىرلار ۋە ئامما سوتسىيالىزمنى چۈشىنەلمىدى ۋە ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ھازىرقى باسقۇچتىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە بولغان تونۇشى مۇجمەل بولدى؛ بەزى دېھقانلارنىڭ دۆلەت قارىشى، كوللېكتىپ قارىشى ئاجىزلىشىپ كەتتى؛ بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بوشاڭ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، ئاممىنى پائال تۈردە ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلىيەلمىدى، بەزىلىرى ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ، ئاممىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قالدى؛ بەزى جايلاردا كاپىتالىستىك ئىدىيە ۋە فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق كۈچلىرى باش كۆتۈرۈپ قالدى، پاسسىپلىق، قالاقلىق، رەزىللىك، چىرىكلىك كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش

قالايمىقان. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى يېزا ئىقتىسادىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى ۋە ئۇنى چەكلىدى، يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا توسالغۇ بولماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە رەھبەرىي
يولداشلار بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇنداق ئەھۋالنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىشى لازىم.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بەزى جايلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى ياكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ جايلارنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، دېھقانلار ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىنى تۇتۇپ، تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، «زادى سوتسىيالىزم ياخشىمۇ ياكى كاپىتالىزم ياخشىمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ ئاممىنى مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، پاكىت قويۇش، قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق، بەنىلا سوتسىيالىزم ياخشى دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئىككىنچىدىن، يۈز - تۇرانە تۇرۇپ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى ئىجابىي جەھەتتىن سىڭدۈرۈپ، تەربىيىنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى سىستېمىلىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە باغلاپ، دېھقانلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىشلارغا، كۆزى بىلەن كۆرگىلى، قولى بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئىشلارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قائىدىلەرنى چوڭقۇر، مەنىلىك سۆزلىگەن. ئۈچىنچىدىن، ئەسلەش، سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تەربىيىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخى، كەنت تارىخى، ئائىلە تارىخى، شەخسلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىدىن ئىبارەت «بەش تارىخ» توغرىسىدىكى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، تارىخنى ئەسلەش، ئۆزگىرىشنى كۆرۈش، ئىقتىسادنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. تۆتىنچىدىن، «ھەم قائىدە سۆزلەش ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىش» تا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە پىكرى كۆپ بولغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلغان. بەشىنچىدىن، مەركەزلەشتۈرۈلگەن تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغان. زېھنىنى، كۈچىنى، ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش تەشكىللەپ ۋە رەھبەرلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى ۋە كۆپ يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۈزۈلۈك ھەل قىلىپ، مەلۇم كىلىمات ۋە داغدۇغا شەكىللەندۈرۈپ، تەربىيىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنى دائىملىق تەربىيىگە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتقان.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغان جايلاردا، كادىرلار، ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ئومۇميۈزلۈك ئۆسكەن، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچى ئاشقان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيىنىڭ دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىنى ئۇبدان ئىشلەشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىكى يېزا خىزمىتىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئەستايىدىل چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

# 2. يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ۋەزىپىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى

يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىكى تەلەپلەر بويىچە پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق دېھقانلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىپ، يېزا جەمئىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

نۆۋەتتە يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىدە نۇقتىلىق ھالدا ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك:

(1) سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزا بازىسىنى ئىگىلەش كېرەك. دېھقانلارغا مەردانىلىق بىلەن سوتسىيالىزمغا ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، كوللېكتىپىزملىق روھىنى يېتىشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ دېگەن مۇستەھكەم ئېتىقادىنى تۇرغۇزۇپ، «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرغۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك.

(2) پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تەدرىجىي زورايتىش، دېھقانلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلەش كېرەك.

(3) پارتىيە ياچېيكىسى يادرولۇقىدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، ئەمۈنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. بوشاڭ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئىدىيىۋى تەربىيە ئاساسىدا تەشكىلىي جەھەتتىن ئەستايىدىل ياخشى تەرتىپكە سېلىش كېرەك.

تەربىيە مەزمۇنىدا تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. كەڭ دېھقانلارنى دۆلىتىمىزدە 40 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئون يىللىق ئىسلاھاتتىن بۇيان يېزىلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بىلدۈرۈشتە؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنىڭ تارىخىي مۇقەررەر تاللاش ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتۇشتا؛ «سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىلدۈرۈشتە؛ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى نامايان قىلغان ئەۋزەللىكى ۋە پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرۈۋېلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېزىلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېزىلارغا قارىتىلغان پۈتۈن بىر يۈرۈش فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى، توغرىلىقى ۋە ئىزچىللىقىنى شەرھلەپ ئۇقتۇرۇش، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئائىلە بويىچە

ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان كۆپ خىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەتلەرنىڭ تۈزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق سۆزلەپ، دېھقانلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇشىغا ياردەم بېرىش، بۇ ئارقىلىق يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

3) ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ئىدىيىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ دۆلەت قارشى، كوللېكتىپ قارشى سۇس بولۇش ۋە «ھەممىدە پۇلغا قاراش» تەك ئىدىيىۋى ماھىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى، كوللېكتىۋىزم ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. دېھقانلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، دۆلەتنى سۆيۈش، كوللېكتىپنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇپ، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى تەدرىجىي زورايتىپ، يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىرىشىپ ئۈزلۈكسىز تۇردە دۆلەتكە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

4) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دېھقانلارنىڭ خوجايىنلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشكە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قانۇنغا بويسۇنۇپ، قانۇن ئارقىلىق يېزىنى، كەنتنى تۈزىشىگە، پائالىيەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشغا ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشىغا، جىنايى قىلمىشلارغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. دېھقانلارنى مەدەنىيەتلىك كەنت، مەدەنىيەتلىك بازار، مەدەنىيەتلىك كارخانا، مەدەنىيەتلىك ئائىلە قۇرۇش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىشقا، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىشقا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە ھەر خىل ساغلام، پايدىلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، تەنتەربىيە پائالىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىدىيە، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىشقا، بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە فېئوداللىزم قالدۇق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى چەكلەشكە ۋە تۈنىگەندىن قۇتۇلۇشقا، تۈزى قوزغىلىپ خۇراپاتلىق، قىمارۋازلىق، تۇرۇغداشلىق قارشى، نىكاھ سودىسى، ئىسراپچىلىق قاتارلىق ناچار ئىستىل، ناچار ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا، پىلانلىق تۇغۇتنى ياخشى يولغا قويۇشقا، سوتسىيالىستىك يېڭى خىسلەتنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

جايلار يۇقىرىقى تەربىيىنى ئېلىپ بارغاندا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ تەربىيە ئېلىپ بېرىش مۇھىم ئۇقتىسىنى بېكىتىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەربىيىنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ۋە ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. تۇرلۇك تەربىيە پائالىيىتى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يېزا ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاشقا، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

## 3. خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىدە ھەم كادىرلارنىڭ ئەدىبى

بېرىلمەيدۇ، ھەم ئاممىنىڭ ئەدىبىي بېرىلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭدا ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشتا تارىختىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاددىي، قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە بىلەن نۇقتىلىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى — يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تايانچ كۈچ. ئۇلارغا قارىتىلغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش بۇ قېتىمقى تەربىيىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئۇلارغا سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىش توغرىسىدا، ئاممىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ بېيىش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. بولۇپمۇ كادىرلارغا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ئۇرغۇزۇپ، ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە ئويغۇنلىشىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىلىك كادىرلارغا ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، بۇ خىزمەتنى ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچ ئاساس» توغرىسىدىكى تەربىيە بىلەن ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئېغىر ھالدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىجابىي تەربىيە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتكە ۋە پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى، شۇنىڭدەك كادىرلار ۋە ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، نىشانلىق ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. بەزى جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش لازىم. تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى جەھەتتە يۈز - تۇرانە چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشكە، ھەم سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، ھېسابات قىلىپ سېلىشتۇرۇش، تىپىك ئۈلگىلەر ئارقىلىق تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى خۇلاسە قىلىشقا، ئۆزىنى - ئۆزى تەربىيىلەشكە، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشقا ۋە يېتەكلەشكە بولىدۇ. يەنە كىتاب ئوقۇش؛ لېكسىيە سۆزلەش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىنقىلابىي كۆرەش تارىخى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يېزا تەرەققىيات تارىخى ۋە قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيىتى كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا، تەربىيىنى ھەر خىل ئۈنۈملۈك شەكىل ۋە پايدىلىق پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈشكە بولىدۇ. ئوبرازلىق، بىۋاسىتە ماتېرىياللار بىلەن تەربىيە بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شارائىتى بار جايلار دېھقانلار كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەربىيە داۋامىدا ئۇلارنىڭ تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ياخشىلاش، كۆپرەك ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، تەربىيىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئاممىغا ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەملىشىش، ئۇلارنى جانجان مەنپەئەتى ئارقىلىق قائىدىنى چۈشىنىدىغان،

كوللېكتىپچىقا ۋە سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىدىغان قىلىپ، تەربىيىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

## 4. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش كېرەك

پىلان تۈزۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئېنىق ئىگىلەش ئاساسىدا، تەربىيە پىلانىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تۈزۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنى يېزىلارغا چۈشۈشكە تەشكىللەش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن بىر قەدەر يۇقىرى سىياسەت سەۋىيىسىگە ۋە مول يېزا خىزمىتى تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، ئىدىيىسى ياخشى بولغان، ئىستىلى دۇرۇس بولغان كادىرلارنى ئاجرىتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېزا كەنت ۋە ئائىلىلەرگە ئەۋەتىپ، شۇ جايلاردىكى تەشكىل، كادىرلار ۋە ئاممىغا تايىنىپ، شۇ جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە كونكرېت ياردەم بېرىشى لازىم. كادىرلارنى كەنتلەرگە ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، تەشكىلىي ئىنتىزامنى چىڭ تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئارقىدا قالغان كەنتلەردە، بىر تەرەپتىن، تەربىيە خىزمىتىگە تەشكىلاتچىلىق قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىشقا ۋە قۇرۇپ چىقىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ نامرات يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تايانچىلارنى تەربىيىلەش، ئۇقتۇرۇش قىلىشنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرى، يېزىلىق، بازارلىق پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە دېھقانلار تېخنىكا مەكتەپلىرى ۋە چوڭلار مەكتەپلىرى قاتارلىق سورۇنلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكا ھەيئىتى ئەزالىرىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرىنى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، خەلق ئەسكەرلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەش كېرەك. ئومۇمەن ئون كۈندىن 15 كۈنگىچە يىغىپ تەربىيىلەش تەلەپ

قىلىندۇ، بۇنى ناھىيە (شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە باشقا تايانچىلارنى (مەسىلەن، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى، تەشۋىقاتچىلارنى) ئومۇمەن يەتتە كۈندىن ئون كۈنگىچە يىغىپ تەربىيىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنى يېزا-بازارلىق پارتىيە كومىتېتلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تايانچىلارنى تەربىيىلەش ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان يېزا ـ كەنتلەرنى تاللاپ ئۇقتۇرۇش سىناق قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەربىيىنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا، مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. جايلار يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بېسىپ تارقاتقان «سوتسىيالىزمغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۆگىنىش تېزىسى» (سىناق نۇسخىسى) نىڭ ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ 1991 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1990) 18 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى)غا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىباب دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئوبدان تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆزى ئۇقتۇرۇشتا تۇرۇپ، ياخشى تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىپ، تەربىيىنىڭ ئەمەلىيلىشىش، ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ، يۈز - تۇرانە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشى، ئورۇنغا ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. بۇ خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا ھەل قىلىپ، شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش لازىم. زامانىۋى قورال ۋە ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىگە دائىر تەشۋىقات، خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. مەدەنىيەت، نەشرىيات تارماقلىرى ساغلام، پايدىلىق بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ۋە كىتابلارنى يېزىلارغا ئاپىرىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. يېزىلاردىكى رادىئو تۈزۈلۈشى، مەدەنىيەت مەركىزى، كۇلۇب ۋە يېزا سودا بازىرى قاتارلىق سورۇنلار خىزمەتلەرنى بۇ تەربىيىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى جايلار يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشنى پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تەربىيە داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ. يېڭى يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قائىدە-تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇشى، سىستېمىلاشتۇرۇشى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشى لازىم.

جايلارنىڭ يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، بۇ تەربىيىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى، ئۇنىڭدا ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىگە. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسەت تەتقىقاتى ئىشخانىسىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشنى سورايمىز.

(بېشى 11 - بەتتە)

ئىشلىدىم. 1983 - يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا «بەش بولۇش»، «تۆت گۈزەل»، «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش جەھەتتە مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ، بېيجىڭ، بېيدەيخې قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى؛ 1987 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانىنى بېرىپ مۇناسىپ ئورۇنغا قويدى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، يېزا، ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 15 قېتىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم، يولدىشىم 35 يىللىق ماتارىپچى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، بىر ئوغلۇم ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، قالغانلىرىمۇ يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك نەمۇنىچىلار، ئومۇمەن ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە يەتتە نەپىرى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، بەش نەپىرى پارتىيە ئەزاسى. مانا بۇ پارتىيەمنىڭ بىزگە بولغان مېھرىدىن بولغان.

ئۆزۈمنىڭ ئۇتتۇشۇمنى، ئائىلەمنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىنى ئويلىغىنىمدا، جانىجان پارتىيەمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. بەلكى پارتىيەمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىغان تەرەپلىرىمگە تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىمەن ھەمدە بۇندىن كېيىن ئاخىرقى نەپەسىمگە قەدەر چوقۇم بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، دەپ جاراڭلىق قەسەم قىلىمەن.

قىسقىسى، ئۇلۇغ پارتىيەم 70 يىللىق مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتتى، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۈمىد، ئىلھام بېرىپ، نۇر چېچىپ، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىدى، ھەر مىللەت كادىر ۋە زىيالىيلىرىنى پەرۋىش قىلدى ۋە يېتىشتۈردى، ھەر مىللەت خەلقىگە ئېسىل پەزىلەت سىڭدۈردى، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە يولباشچىلىق قىلدى ۋە دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچ بولۇپ قالدى. جانىجان پارتىيەمگە مىڭ تەشەككۈر!



# جانجان پارتىيەمگە تەشەككۈر!

هوشۇر ئەمەت

ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە — جۇڭگودىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىرلىك پاسىۋانى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ئىتتىپاقلىقنىڭ تۈۋرۈكى، هاياتلىقنىڭ قامۇسى، بەخت - سائادەتنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە 1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە ئاتقان ئازادلىق تېڭى خەلقىمىزنى گۈزەل يېڭى هاياتقا باشلىدى. خەلقىمىز قىش - زىمىستاندىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ سۇنماس باھارغا ئېرىشتى، ئازات زامان بىزنى يېڭىچە هايات، يېڭىچە تەقدىر، يېڭىچە قىياپەتكە ئىگە قىلدى. ئۇلۇغ، توغرا پارتىيەم تاڭ نۇرىنى چاچقاندا، مەن بىر نامراتنىڭ 11 ياشلار چامىسىدىكى ئوغلى ئىدىم. ئۇتمۇشتە بايلارنىڭ مىلىنى بېقىپ جان باقاتتىم، ئوقۇش دېگەندىن ئۈمىد يوق ئىدى، تاڭ ئېتىپ يولۇمنى يورۇتتى، مەكتەپ قوينىغا كىردىم. 1955 - يىلى 8 - ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم. پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ نامرات بولۇشىدىكى سەۋەبىنى، كومپارتىيىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نىجات يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە پارتىيە بايرىقى ئاستىدا «كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىمەن» دەپ قەسەم بېرىپ، شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردىم، تەربىيىلەندىم، ئۆسۈپ يېتىلدىم. لېكىن 1958 - يىلىدىكى ئىستىل تۈزىتىشتە كېڭەيتىۋېتىش شاملىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر 21 يىل پارتىيىدىن قالدۇرۇلۇپ، كۈرمىگەن كۈنۈم، تارتمىغان ئازابىم قالمىدى، ھەممە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ئازار يېدىم، ئەنە شۇنداق كۈنلەردىمۇ كېڭەيتىۋېتىش شاملىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمنى ھەرگىز پارتىيىدىن كۆرمىدىم ۋە ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدىم، پارتىيەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە توغرىلىقىغا، ئۇنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەمەلىلىشىپ، ماڭا خۇشاللىق، بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندىم، پارتىيىگە بولغان ئېتىقادىمنى بوشاشتۇرمىدىم، پارتىيە بايرىقى ئاستىدا بەرگەن قەسەممنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئۇنىڭ ئاز ساندىكى پارتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، دەپ قارىدىم. دەرۋەقە، ئىش دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى. 1979 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دانا قارارى ھەممە جايدا ئىجرا قىلىنىپ، خاتا ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، مېنىڭ مەسىلەم بىرىنچى قېتىمدىلا ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىپ، پارتىيىۋىلىكىم تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە 35 يىللىق ستاژىغا ئىگە پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالدىم. بۇ ماڭا چەكسىز ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. پارتىيىنىڭ مېنى تەربىيىلىشى، ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشىگە جاۋابەن مەنمۇ ئۇلۇغ پارتىيەم يورۇتقان داغدام، پارلاق يولدا دادىل ئالغا بېسىپ، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ھاردىم - تالدىم دېمەي

(ئاخىرى 10 - بەتتە)

## كەسپكە باغلانغان رىشتە

شايار ناھىيىلىك چارۋىچىلىق 2 - فېرمىسىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى تۆمەر پازىل ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، «كۈل رەڭ ئەلتىرە قوي يېتىشتۈرۈش»، «ئاق رەڭلىك ئۆيت ئۆچكىسىنى كۆپەيتىپ نەسلىنى ياخشىلاش»نى سىناق قىلىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور نەتىجە ياراتتى ھەمدە ئۇنى چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىدا دەرس قىلىپ ئۆتۈپ، بىر تۈركۈم تايانچ خادىملارنى تەربىيىلىدى، يېتىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن چارۋا مال دوختۇرلىرى دۈچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.



يولداش تۆمەر پازىل ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ۋىلايەت تەرىپىدىن «ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى»، «پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار خىزمەتچىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى. ئۇ ھازىر تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىشماقتا.

مەھەممەت ھەسەن

• گۈل ۋە تىكەن • • گۈل ۋە تىكەن • • گۈل ۋە تىكەن •

## ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بېرىلدى

يېزا ئىگىلىك 3 - شى 53 - تۇەن - مەيدان مىللىي 14 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جىلىل مۇراۋدىن 1988 - يىلى 4 - ئايدىن 1990 - يىلى 4 - ئايغىچە خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، يالغاندىن ھۆججەت ياساش، بىر ھۆججەتنى ئىككى قېتىم ھېساباتقا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 11 قېتىمدا 2305.28 يۈەن پۇلغا خىيانەت قىلغان. مەسىلە سېزىلگەندىن كېيىن، تۇەن - مەيدان ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار 1990 - يىلى 8 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ خىيانەت مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئىقتىسادىي خىيانىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، جىلىل مۇراۋدىنغا پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش جازاسى بېرىلدى.



ئەيسا رەھمەت

• گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن •

## ئۇ كەنتنىڭ قىياپىتىنى قانداق ئۆزگەرتتى؟

كۇچا ناھىيە ئۇچتۇستەڭ يېزا ئۇچتۇستەڭ كەنتىنىڭ يېرى شور، قۇمساز، دەرياغا يېقىن بولغاچقا، دائىم بوران-زەي ئاپىتىگە ئۇچراپ، دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سۇلايمان ئادىل كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇردى. ھەممىدە كەڭ پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، دېھقانلارنى يېتەكلەپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇردى. شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. نەتىجىدە، مەھسۇلات ئۇدا 11 يىل ئاشۇرۇلۇپ، دۆلەتكە 10 مىليون جىڭدىن ئارتۇق تاۋار ئاشلىقى سېتىپ بېرىلدى، كەنتنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىشى 100 پىرسەنتكە يەتتى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. سۇلايمان ئادىل سىڭدۈرگەن ئەجىرگە يارىشا، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ھەر خىل ناملار بىلەن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.



ئېزىز ئېلى

• گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن • گۈل ۋە تىكەن •

## ئەجىردىن كەلگەن شەرەپ

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ پىدائىي ئەسكەر شوپۇرى، كومپارتىيە ئەزاسى يەن شۇفاڭ 1979-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ ئاپتوموبىل ھەيدىگەن 12 يىلدا، 541 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى بىخەتەر يۈرۈپ، بىر قېتىممۇ ۋەقە سادىر قىلمىدى. ئۇ، ئاپتوموبىل بۇزۇلسا ئۆزى رېمونت قىلىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا 44 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق رېمونت قىلىش، سايمان سېتىۋېلىش پۇلىنى ئىقتىساد قىلىپ بەردى. ماي ئىقتىساد قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، 2500 كىلوگرامدىن ئارتۇق مايىنى تېجەپ قالغان.

ئۇ، سىڭدۈرگەن ئەجىردىن كەلگەن تۆھپىسىگە مۇناسىپ قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئالتە قېتىم 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان، سەككىز قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» ۋە «قىزىل بايراقدار شوپۇر»، تۆت قېتىم «قىسىم قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان. 1988-يىلىدىن بۇيان كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن ھەممىدە 1990-يىلى يەنە شۆبە ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.




خېلىل ئىبراھىم



# ئەل ئۈچۈن سوققان يۈرەك



ئابدۇسالام ئابلىز

ئۇ شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، كەلپىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە كەلگەندە ياشلا بىر يىگىت ئىدى. مانا ئارىدىن 33 باھار ۋە قىش ئۆتكەندە، ئۇ تەجرىبىلىك رەھبىرىي يولداشقا ئايلاندى. سېخىي يىللار ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئاق، ماڭلاي ۋە كۆز چاناقلىرىغا بىلىنمەس قورۇقلارنى ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭغا ئەقىل، تەجرىبە ھەم كۈچ - قۇۋۋەتمۇ ھەدىيە قىلدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى، تەجرىبىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرىغا تەشنا ئوتلۇق يۈرىكى بارغانسېرى كۈچلۈك سوققۇشقا باشلىدى.

ئابدۇرېشىت ھېلىم خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدۇ. بوغالتىرلىق خىزمىتى مۇرەككەپ خىزمەت بولۇپ، بۇ، كىشىلەردىن يۇكسەك سەزگۈرلۈكنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە كەسپچانلىق ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئاشلىق ساھەسىنىڭ بوغالتىرلىقى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل كەسپكە ئائىت بىرەرمۇ ئۆگىنىدىغان ماتېرىيال يوق ئىدى. ئابدۇرېشىت ھېلىم بۇ خىل قىيىنچىلىق ئالدىدا قىلچە ھودۇقماي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، بىر تەرەپتىن بوغالتىرلىقنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇچە ئۆگەندى. كۆزلىرىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئىقتىسادنى پىلانلىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىدارىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىدىكى بەزى قالايمىقانچىلىقلارنى تەرتىپكە سالدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئىدارىنىڭ بىر قابىل بوغالتىرى بولۇش بىلەن بىللە، رەھبەرلىكنىڭمۇ ياخشى مەسلىھەتچىسى ھەم ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئون يىل ئىچىدە 60 پىرسەنت ئىشچى - خىزمەتچى ئىدارىنىڭ يېڭى ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ھېسابات باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىلا ئەمەس، رەھبەرلىكنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغايدۇ. نەتىجىدە، ئۇ 1980 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى.

1984 - يىلى ئابدۇرېشىت ھېلىم ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىدارىنىڭ باشقا مەسئۇللىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاپ، ئۇلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئىگىلىك يارىتىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىدۇ. ھەممە ئادەمنى ئىقتىسادنى تېجەش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدۇ. ئۇ، ئىشخانىلارنى قىسقارتىش بىلەن بىرگە، ھېساباتنى ئېنىق قىلىش، ئادەمنى، ۋەزىپىنى، ئىلىم - بىرىمنى، جىڭ - تارازىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىگىلىك تىكلەشنىڭ مۇھىم ئۆتكىسى قىلدى. قاقتى - سوقتى قىلىش، ھايانكەشلىك قىلىش شامىلىنى قەتئىي توسۇپدۇ. ئىككى يىللىق

جاپالىق خىزمەت ئارقىلىق ئىدارىنىڭ مالىيە جۇغلانمىسى بۇرۇنقى 20 مىڭ يۈەندىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشىدۇ. 1986 - يىلى ئىدارە 500 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، سوتكىسىغا 75 مىڭ جىڭ ئۇن تارتالايدىغان بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئاممىنىڭ تەمىنلەش ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇرچى، گەزلىك يېزىلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن تەمىنلەش پونكىتلىرىنى قۇرىدۇ. 1988 - يىلدىن باشلاپ، قوشۇمچە چارۋا بېقىشنى يولغا قويۇپ، ھازىرغىچىلىك چارۋا مال سانىنى 850 تۇياققا يەتكۈزىدۇ.

1989 - يىلى ئاشلىق ئىدارىلىرى تارىخىدا تۇنجى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئابدۇرېشىت ھېلىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، 97 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بۇ كەسپى كارخانىنى ھۆددىگە ئالىدۇ. ئۇ بۇ كارخانىنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، خىزمەت تۈرى، مەسئۇلىيەت، ۋەزىپە، مۇلازىمەت دائىرىسى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېكىتىپ چىقىدۇ. ئاساسىي قاتلاملاردىمۇ كىچىك ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇش، سىياسەت بويىچە ئىش قىلىش، كېلىشىم باھانى پىلانلىق تەمىنلەشكە ئارىلاشتۇرۇۋ، تەمىنلىك پىلانلىق تەمىنلەشنى كېلىشىم باھاغا ئارىلاشتۇرۇۋە تەمىنلىك قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئامما بىلەن دېموكراتىك ئاساستا كېڭىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەمدە ئالدىراش ئىشلەيدىغان، تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان يېڭىچە روھ شەكىللىنىپ، پۈتۈن ئىدارىنى جانلىق، جۇشقۇن كەيپىيات قاپلايدۇ. ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان تۇنجى يىلىدىلا ئىدارىنىڭ سودا - سانائەت، كېلىشىم باھا قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ئالغان ساپ پايدىسى 70 مىڭ يۈەندىن، ئىككىنچى يىلى، يەنى 1990 - يىلدىكى ساپ پايدىسى 80 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، ئىلگىرىكى قاتمال، قالاق ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىدۇ. ئالدى 700 يۈەندىن ئاخىرى 300 يۈەندىن مۇكاپات سوممىسى ئالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر مالىيە ئىشخانىسىدىن خۇشال چىقىشقاندا، ئۇلارنىڭ چېھرىدە شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىدۇ.

1988 - يىلى قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم ئاقچى ناھىيىسى يوللىغان بىر جىددىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. تېلېگراممىدا، ئاقچىنىڭ غوڭقىراچ دېگەن تاغلىق رايونىدا 1000 دىن ئارتۇق چارۋىچى، 10 مىڭدىن ئارتۇق چارۋا مالىنىڭ ئېغىر قار ئاپىتىگە ئۇچراپ، خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقى، شۇڭا، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا قىلىدىغان ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت قوشنا ناھىيە ئەۋەتكەن بۇ تېلېگراممىغا ئىنتايىن جىددىي قاراپ، ئۇنى شۇ كۈنلا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت ھېلىمغا بېرىپ ھەمدە جىددىي بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەشنى قارار قىلىدۇ. ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقان ئابدۇرېشىت ھېلىم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن جىددىي قاراپ، كۈننىڭ كەچ بولغىنىغا، ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپەت رايونىغا تېزراق ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇ ئامباردىن 16 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئېلىپ، ئۇنى بىر ماشىنا ۋە بىر تراكتورغا قاچىلاپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قاتتىق سوغۇققا قارىماي كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئەتىسى ئاپەت رايونىغا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئاقچى ناھىيىسىگە زىچ ماسلىشىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا قاتنىشىپ، ئىككى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ. قوشنا ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە يېڭىباشتىن دوستلۇق ئۇرۇقى چاچىدۇ.

ئابدۇرېشىت ھېلىم باشچىلىقىدىكى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خەلققە يەتكۈزگەن مېھرى - شەپقىتى ئىنتايىن كۆپ، كەلپىن ناھىيىسىدە سۇ قىس بولغاچقا،

زىرائەتلەرگە ۋاقتىدا سۇ قۇيۇلماي، مول ھوسۇلغا زور تەسىر يېتەتتى. ئۇ، بۇ ئىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1986 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 6 - ئايدا بازارلىق ھۆكۈمەتكە يەر ئاستىدىن 100 سائەتتىن ئارتۇق سۇ تارتىپ بېرىپ، كۈزگى بۇغدايلارنىڭ ۋاقتىدا سۇغۇرۇلۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ھەر يىلى تاغدىن 3 - 4 ماشىنا ئوغۇت ئەكىلىپ، ئۇنى يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ. يورچى يېزىسىنىڭ تومشۇق كەنتىدىكى ئۈچ نامرات ئائىلە ئۇدا بىر نەچچە يىل ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت ۋە يەرلىك ئوغۇت بىلەن ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ھەر يىلى 1500 جىڭ ئەتراپىدا ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ، ئۆتكەن يىلى ۋە بۇ يىل باھار بايرىمى ھارپىسىدا، ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، 3000 جىڭ ئاق ئۇن، 20 كىلوگرام سۇ مېيى توپلاپ، ئۇنى يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىگە ئىئانە قىلدى.

ئابدۇرېشىت ھېلىم يېزا ئىگىلىكىگە ئاكتىپ ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، يەنە مائارىپنى قوللاش، مائارىپقا ياردەم بېرىش ئارزۇسىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئالدىنقى ئۈچ يىلدا، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ياتاقلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 10 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق، ماي ۋە گۆشنى ئەرزان باھادا بېرىدۇ. يېقىندا، ئىدارە مالىيىسىدىن يەنە 1000 يۈەن چىقىم قىلىپ، مائارىپقا ياردەم قىلدى. 1988 - يىلى ئاچال يېزىسىدىكى كۆل باشلانغۇچ مەكتىپى شىددەتلىك كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئىشخانا ۋە سىنىپلارنى كەلكۈن ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكتىن، نورمال ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇرېشىت ھېلىم دەرھال ماشىنا بىلەن نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شۇ جايغا سالغان تۆت ئېغىزلىق ئۆيىنى مەكتەپكە ئاجرىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىشتىن خۇشاللانغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئابدۇرېشىت ھېلىم ھەققەتەن ئېسىل خىسلەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن، دېيىشىدۇ.

ئىلگىرىكى بىر قانچە قېتىملىق شان - شەرەپ پۈرسىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئابدۇرېشىت ھېلىم بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەلپىن ناھىيىسى بويىچە «يېزا ئىگىلىكىنى 10 يىل يۈكسەلدۈرۈشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شەخس» بولۇپ باھالىنىپ، مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ناھايىتى شەرەپلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يۈكسەك ھاياجانلىق تۇيغۇسى چىرمىۋالغان بولۇپ، يۈرىكى تېخىمۇ كۈچلۈك سوقۇشقا باشلىدى.

## پولشا پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىز ئالداندۇق دېيىشمەكتە

پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى چازاستىي يېقىندا مۇنداق دېگەن: «كوممۇنىستلارنىڭ ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم بولغانلىقى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە ھازىر پولشا بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىشى كېرەك. بىر يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىش ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بىز بەك گودەكلىك قىلىپ، قاتتىق ئالدىنىپ كېتىپتۇق، بىز يېڭى تەپەككۇرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپتۇق؛ چەت ئەلنىڭ زور مىقداردىكى قەرز بېرىمىز دېگەن ۋەدىسىگە ئالدىنىپتۇق؛ بەزىلەرنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللانمايمىز، رامكىنى بۇزمايمىز دېگىنىگە ئالدىنىپتۇق، سىياسىينى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئالدىنىپتۇق. قىسقىسى، زىيان تارتتۇق، ئالداندۇق. ھەققەتەن، بۇ پۈتۈن پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەجەللىك زور خاتالىق، قاتتىق ساۋاق، كەچۈرگۈسىز بولمايدىغان جىنايەت. ئەمدى پۇشايمانى ئالدىغان قاچا قالماي، خۇددى مۇشۇنداق بولۇشنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، ئۇنداق قىلماس ئىكەنمىز» دېگەنىدەك بولدى.

پارتىيىنىڭ زېھنىي كۈچى تۇرغۇپ تۇرغان، ناھايىتى ئىقتىدارلىق بۇ كادىرى پولشادىكى 18 تۈلكىنى ئايلىنىپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇن تاپالمىغان. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ ئۆيى مۈلكىنى سېتىش ۋە كۈنلۈك ئىشلەش ئارقىلىق كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن.

(لياۋنىڭ «كومپارتىيە ئەزالىرى»دىن)

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاممىباب دەرسلىك

## ئۈچىنچى قىسىم پارتىيىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر

## بىرىنچى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىغا رىئايە قىلىش لازىم

### 1. پارتىيە نىزامنامىسى — پارتىيىنىڭ تۈپ قانۇنى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك

#### 1) پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان، 13 - قۇرۇلتىيىدا قىسمەن ماددىلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى» — پارتىيىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى پارتىيە نىزامنامىسى.

پارتىيە نىزامنامىسى — پارتىيىنىڭ تۈپ قانۇنى، پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەرىكەت قائىدىسى، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ۋە شەخسىي بىلەن تەشكىلنىڭ، تەشكىل بىلەن تەشكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى» باش پروگرامما ۋە ئون باب، 50 ماددىدىن تەركىب تاپقان. باش پروگرامما پارتىيىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى ياكى پارتىيە پروگراممىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان تۈزۈلگەن پارتىيە نىزامنامىلىرىنىڭ ھەممىسىدە باش پروگرامما پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى قىلىنىپ كەلدى، ئۇ — پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپىدىن ئىبارەت. ئېنگېلس: پارتىيىنىڭ پروگراممىسى «ئاشكارا تىكلەنگەن بىر بايراق» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. باشقا كىشىلەر بۇ بايراققا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى تونۇيدۇ، پارتىيىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇ پارتىيىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ، پارتىيە باش پروگراممىسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇنغا ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ باش پروگراممىسى پارتىيىمىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق پارتىيە قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاش، شۇنىڭدەك دۇنيا ئىشچىلار ھەرىكىتى داۋامىدىكى پايدىلىق تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە بىنائەن تۈزۈلگەن. پارتىيىمىزدە بۇ باش پروگراممىنىڭ بولۇشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا، باش پروگراممىدا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاساسىي پرىنسىپلار بويىچە پارتىيىنى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى باش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىغا يەتتىنبەي يېتىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

پارتىيىنىڭ باش پروگراممىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول ۋە مۇھىم، يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ پارتىيىگە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە شەرھلەپ بەردى: (1) پرولېتارىيات ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىنى چوقۇم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئالىدۇ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ

ئورنىنى چوقۇم سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئالىدۇ. (2) سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تازا تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىدىيىنىڭ، سىياسىينىڭ، مەدەنىيەتنىڭ تازا يۈكسىلىشى ئارقىسىدا، ئاخىر چوقۇم كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئايلىنىدۇ. (3) سوتسىيالىستىك تۈزۈم كاپىتالىستىك تۈزۈم ئۈزى يېڭىپ كېتەلمەيدىغان زىددىيەتلەرنى تۈگەتتى، ئۇ كاپىتالىستىك تۈزۈم تەڭ كېلەلمەيدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە. (4) ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەدبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. (5) ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، سىنىپى كۆرەش جەمئىيىتىمىزدە ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. (6) جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. باشقا زىددىيەتلەرنى مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەل قىلىش كېرەك. (7) دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا ھەل قىلىش كېرەك. (8) پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدۇ. (9) پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. (10) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە زەربە بېرىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك. (11) پارتىيە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. (12) پارتىيە ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنى ئۈزۈلدۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇندايدۇ. (13) تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ماركسىزم ئاساسىدا، مۇستەقىل — ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇش، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى بويىچە، پارتىيىمىزنىڭ ھەر قايسى ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيەلەر ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقا پارتىيىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. پارتىيىنىڭ باش پروگراممىسىدا يەنە پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى، پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى باش ۋەزىپىسى، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ ئاساسىي تەلەپ (يەنى ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك بىرلىك؛ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش)، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى (يەنى ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇش)، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئاساسىي شەكلى (يەنى سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك)، پارتىيىنىڭ ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشچىلار ئۈيۈشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن ۋە شەرھلەنگەن.

پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بىرىنچى بابىدىن ئونىنچى بابىغىچە، باش پروگراممىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلارغا ۋە

پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشتىكى نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە بىنائەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتلىرى، پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى قاتارلىق پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىغا دائىر ئون جەھەتتىكى مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەر — پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىشىمىزدىكى مىزان، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاشتا چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنى قانداق قوبۇل قىلىش، قانداق قىلىپ پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قانداق ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى، خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە قانداق قىلىپ پارتىيە قۇرۇلتىيى، پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى يىغىنلىرىنى ياخشى ئېچىش، شۇنىڭدەك قانداق قىلىپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى، رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا قانداق جازا بېرىش؛ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى؛ پارتىيىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ مەخسۇس كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرگەندە، چوقۇم پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىنى نورماللاشتۇرغىلى، دېموكراتىيىلەشتۈرگىلى ھەمدە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

### 2) پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش.

بىزنىڭ ھەر بىر پارتىيە ئەزايىمىز پارتىيىگە كىرىش ۋاقتىدا، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، پارتىيىنىڭ پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ نىزامنامىسىغا رىئايە قىلىدىغانلىقىنى قەتئىي بىلدۈرگەن. پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، نىزامنامىسىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، نىزامنامىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ؛ پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، نىزامنامىسىنى ئۆگەنمەي، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ھەرىكەتتە ئاڭلىق ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خىزمىتىمىزدە يېڭى شەيئى، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر بىز پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگەنمىسەك، پارتىيە مىزانى، پارتىيە قانۇنلىرىدىن خەۋىرىمىز بولمىسا، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، يۆنىلىشىمىزدىن ئاسانلا ئادىشىپ قېلىپ، پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئورۇندىيالمايمىز، ئۆز خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمىز. كومپارتىيە ئەزالىرى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، يېڭى دەۋردىكى لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولغىلى بولىدۇ.

## 2. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ

### 1) پارتىيە نىزامنامىسى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش كېرەك

پارتىيە نىزامنامىسى — پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، ئۇ ئەڭ يۇقىرى نوپۇز، ئىززەت - ئابروي ۋە قانۇن - نىزام خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، پارتىيىنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي مىزان. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ۋە رولى ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساس ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىشى — پارتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە بىردەك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇبادا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسى جەھەتتىكى ئىدىيىۋى بىردەكلىكى بۇزۇۋېتىلسە، پارتىيە تەشكىلىي جەھەتتە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تۇرمۇشى ۋە ئۆز پائالىيەتلىرىدە ھەقىقىي تۈردە پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۆز نۆۋىتىدە، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىمۇ پارتىيە نىزامنامىسىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەنلەر تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەك ساننى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرغۇنلىرىنىڭ پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇ ھەقتە تەربىيە ئېلىشى يېتەرسىز؛ ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان پىشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىمۇ بار؛ ئالدىنقى بىر قانچە يىللاردا، پارتىيە رەھبەرلىكى بىر مەزگىل «سۇسلاشتۇرۇپ» قويۇلۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پارتىيە نىزامنامىسى قارىشىنى تىكلەپ، پارتىيە نىزامنامىسىغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرگەندىلا، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ.

### 2) پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى — پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆرۈشتىكى ئاچقۇچ

پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىجرا قىلىشتىكى نەمۇنىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرسا، ئۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىغا ئورتاق رىئايە قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار پارتىيە نىزامنامىسىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلماي، پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆرمەي، بەلكى بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ، باشقا پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە نىزامنامىسىغا رىئايە قىلدۇرماقچى بولسا، ئۇ ھالدا ئىش قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا، پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاۋۋال پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى تۇتۇش كېرەك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە نىزامىغا رىئايە قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى ھەقىقىي

تونۇپ يېتىپ، ئالگىلىق تۈردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا ياخشى باشلامچىلىق قىلىشى لازىم. پارتىيە نىزامنامىسىنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنىڭغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە قارىتا، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنىڭ قانچىلىك كونا، خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى، ئۆھپىسىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇش پرىنسىپى بويىچە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغداپ، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ پارتىينىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى قائىدە - ئۆلچەملىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

3) پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغداش داۋامىدا، ھەم قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا جىددىي چارە كۆرۈش، ھەم پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە نىزامنامىسىگە ۋە دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ كېلىدىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش، قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك

پارتىيە ئەزالىرى خاتالىق ئۆتكۈزسە، ھەتتا ئېغىر خاتالىق ياكى جىنايەت ئۆتكۈزسە، چوقۇم پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلىي تەرتىپ ۋە تەستىقلاش ھوقۇقى چەكلىمىسىگە بىنائەن، ئۇلارغا مۇۋاپىق جازا بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىينىڭ ئىلغارلىقى بىلەن پاكلىقىنى ساقلىغىلى، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئەستايىدىللىقىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. لېكىن پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جازا بېرىشتە، قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، كۈرەش قىلىش، ئۇرە تۇرۇش جازاسى بېرىش، ئۆيىنى ئاختۇرۇش، سازايى قىلىش، سولاپ قويۇش قاتارلىق جىسمانىي جەھەتتىن خورلايدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر جازا — پارتىيىدىن چىقىرىش، پارتىيىدىن چىقىرىش بولسا، پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. جىسمانىي جەھەتتىن ھاقارەتلەش، ھەتتا قالايمىقان تەن جازاسى بېرىش پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا پارتىيە ئىنتىزامى ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئەگەر بەزىلەر شەخسىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرغان، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان ياخشى پارتىيە ئەزالىرىدىن بانا - سەۋەب تېپىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىپ ئۆچ ئالماقچى بولسا ياكى پىتنە - ئىغۋا توقۇپ، بەتنام چاپلاپ، پارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسا، بۇنىڭغا پارتىيە نىزامنامىسى يول قويمايدۇ. دېمەك، پارتىيە ئىنتىزامىنى توغرا ئىجرا قىلغاندىلا، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. (گورۇي، سۇيشېڭ)

## ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. مانا بۇ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىدا پارتىينىڭ خاراكتېرىگە بېرىلگەن مۇكەممەل بايان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى دېگەنلىك، پارتىينىڭ خاراكتېرىگە بېرىلگەن ئەڭ ماھىيەتلىك يەكۈن، بۇ — قانداق پارتىيە قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، ئۇ — پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ۋە تۈپ مەسىلە.

# 1. پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسى — ئىشچىلار سىنىپى

سىنىپىيلىك ھەر قانداق پارتىيىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى. پارتىيە — سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ھەر قانداق پارتىيە مۇئەييەن بىر سىنىپنى ئاساس قىلىدۇ، مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، بارلىق سىياسىي پارتىيىلەر روشەن سىنىپىيلىككە ئىگە، سىنىپىيلىكتىن ھالقىغان پارتىيە بولمايدۇ. بەزى بۇرژۇئا پارتىيىلىرى ۋە باشقا غەيرىي پرولېتارىيات پارتىيىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى يېپىش ئۈچۈن، دائىم ئۆزىنى سىنىپتىن ھالقىغان پارتىيە، «ئومۇمىي خەلق پارتىيىسى»، «مىللەت پارتىيىسى» دەپ كۆز - كۆز قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق. كوممۇنىستىك پارتىيە باشقا پارتىيىلەرگە ئوخشىمايدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە دۇنياغا كەلگەن چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىغان. پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىلا: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — پرولېتارىياتنىڭ پارتىيىسى، دەپ ئېنىق جاكارلىغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنى ئاساس قىلغان، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن. كونا جۇڭگودا ئىشچىلار سىنىپى باشقا دۆلەتتىكى ئىشچىلار سىنىپىغا ئوخشاش، يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن باغلانغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئاساسىي سىنىپلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى؛ ئۇلار بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قوغداشقا تېگىشلىك ھېچقانداق نەرسىسى بولمايدۇ، شۇڭا، ئۇلار ئىنقىلابىي ئۆزۈل - كېسىللىككە ئەڭ باي كېلىدۇ، يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ماددىي شارائىتى ۋە بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئۇلاردا ئىشچىلار سىنىپىغا خاس مۇستەھكەم تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىق، كوللېكتىۋىزملىق، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھىنى يېتىلدۈرگەن. ئۆز نۆۋىتىدە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بارلىققا كەلگەن پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت ۋە ئۇلار تۇرغان پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي مۇھىت تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزىگە خاس نۇرغۇنلىغان پەۋقۇلئاددە ئارتۇقچىلىققا ئىگە؛ بىرىنچى، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى «ئۈچ چوڭ تاغ»نىڭ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ۋە زۇلۇمىغا ئۇچرىغان، بۇ جەھەتتە ئۇلار باشقا ھەر قانداق سىنىپتىنمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بۇنداق ئەھۋال دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئالاھىدە جەڭگىۋارلىققا ئىگە. ئىككىنچى، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بىر قەدەر يىغىنچاق، تەشكىللىنىشكە قولايلىق بولغاچقا، مۇھىم سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشكە ئەپلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى سىياسىي كۈرەش سەھنىسىگە چىققان ھامان، ئۆز سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئاڭلىق سىنىپقا ئايلاندى. ئۈچىنچى، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ۋەيران بولغان دېھقانلاردىن كەلگەن بولغاچقا، كەڭ دېھقانلار بىلەن تەبىئىي مۇناسىۋىتى بولۇپ، مۇستەھكەم ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئورنىتىشقا ئەپلىك، بۇ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلدى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى ئۇلارنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىستىقباللىق سىنىپ ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى رەھبىرىي سىنىپ ئىكەنلىكىنى

بەلگىلىگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — دەل جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قىلىدىغان، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى.

## 2. پارتىيە — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى، ئۇ جۇڭگو ئىشچىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىلغارلاردىن تەركىب تاپقان. شۇڭا، ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ھەم پارتىيىنى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقا تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاساسەن:

بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى. بۇ — پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەسلەپتىلا ماركسىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانغان ھەمدە جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ماركس، لېنىنلارنىڭ تەلىماتىنى ئىجادىي تەدبىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە ئىلمىي نەزەرىيە — ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلغار نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇزۇن - كېيىن ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي پروگراممىنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ چەكسىز ساداقىتى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇن - كېيىن غەلىبىسىنى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىمىز ئۆز ئەزالىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەش ۋە قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پرولېتارىياتقا يات تۈرلۈك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە خاتىمە بېرىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ كەلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولمىغان بولسا، پارتىيىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولالمىغان بولاتتى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىمۇ بولمىغان بولاتتى.

ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغارلاردىن تەركىب تاپقان. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە، قەتئىي تۈردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلدى ھەمدە پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئىدىيىۋى رەھبەرلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزمنى ئۆگىنىپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر خىل خاتا ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشىغا ۋە ئۇنى تۈگىتىشىگە ياردەم بەردى. شۇڭا، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، پارتىيىمىز ئۆزى تۇرۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىمۇ، ئىشچىلار سىنىپىدىن باشقا سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان نۇرغۇنلىغان يولداشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، لېكىن پارتىيىمىز ئەزەلدىن پارتىيىنى ئىدىيە جەھەتتىن قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئىدىيە ئۆزگەرتىش ۋە ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن ئۆتۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەيدانى ۋە

كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ قالدى. كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى ھەم پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، ھەم پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى.

ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە ئىنتىزام بويىچە قۇرۇلغان بىر پۈتۈن گەۋدە. پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىسى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۈزۈل - كېسىل ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلابىي پروگراممىدا چىڭ تۇرۇشنى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىدىيىۋى ئاساسى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تەشكىلىي پرىنسىپىدا ۋە ئىنتىزامدا چىڭ تۇرۇشنى پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلىي ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەشكىلىي ئاساسى قىلىدۇ. پارتىيىمىز ئەزەلدىن دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تەشكىلىي پرىنسىپىدا ۋە ئىنتىزامدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى مۇستەھكەملىكىگە ۋە تەرەققىياتىغا، پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك جاپالىق شارائىتلاردا ۋە مۇرەككەپ، ئۆتكۈر كۈرەشلەردىكى ئىزچىل قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇبادا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە ئىنتىزامدىن ئايرىلغاندا، پارتىيىمىز چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىدۇ، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

## 3. پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم

پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بەزىلەر ھازىر سىنىپىي مۇناسىۋەتتە يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەقەت ئىش تەقسىماتىلا ئوخشىمايدۇ، «كۆپچىلىك ھەممەيلەن ئوخشاش بولۇپ قالدى»، پارتىيىنىڭ سىنىپىيلىكىنى ئارتۇقچە تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل تونۇش خاتا، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خەلقئارادىكى سىنىپىي كۈرەشمۇ ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ، پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتلىق خاراكتېرىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تۈرلۈك دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلالايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئىككىنچى، ئىشچىلار سىنىپى — دۆلىتىمىزدە رەھبىرىي سىنىپ. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى تېزدىن كېڭەيدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېڭى بىر ئەۋلاد ئىشچىلار تۈركۈملەپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولغان يېڭى زىيالىيلار قوشۇنىمۇ كۆپەيدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنىڭ تېخىمۇ كېڭەيگەنلىكىنى، ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

پارتىيىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسىدە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرىدىغان كىشىلەر ئالدىنقى بىر مەزگىلدە بەزى سەپسەتىلەرنى تارقاتقان، ئۇلار قانداقتۇ «ئومۇمىي خەلق پارتىيىسى» دېگەننى كۆككە كۆتۈرۈپ، «پارتىيىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش»، «پارتىيىنى ئۆزگەرتىش» توغرىسىدا غالجىرلارچە داۋراڭ سېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىمىزدىكى رەھبىرىي سىنىپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىشقا، ئاخىرقى ھېسابتا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى، بۇ تەتۈر ئېقىمنى قەتئىي تەنقىد قىلىشىمىز لازىم. (چېن خۇڭچۈن)

## ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى. ساداقەتلىك بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش — پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئاۋانگارتلىق خاراكتېرىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنى بارلىق بۇرژۇئا پارتىيىلىرىدىن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان ئاساسىي بەلگە.

### 1. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىنىڭ تارىخىي بۇرچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن

ئىشچىلار سىنىپى — تارىختىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي سىنىپ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. ماركس، ئېنگېلسلار «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھەرىكەت ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكىتى — مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى، مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل ھەرىكەت». ئىشچىلار سىنىپى كونا جەمئىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە، زۇلۇم ۋە قۇللۇقنىڭ قاتتىق ئازابىنى چەككەن، شۇڭا، ئىشچىلار سىنىپى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغاندىلا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئاندىن ئۆزىنى ئازاد قىلالايدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇ تارىخىي بۇرچى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن ئەمگەكچى خەلق مەنپەئىتىنىڭ بىردەكلىكىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا، كوممۇنىستىك پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئىلغارلىق خاراكتېرىنى ساقلاپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى يېتەكلەپ، ئۆز سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلالايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇشتىكى تۈپ مەقسىتى — جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاممىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىق؛ ھەممە ئىشتا شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، بەلكى خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش؛ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى — بۇلار بىزنىڭ چىقىش نۇقتىمىز». پارتىيىمىزنىڭ بارلىق تارىخى — جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تارىخى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە تىزىمدا نامى قالغان ۋە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىنقىلابىي قۇربانلار 3 مىليون 700 مىڭدىن

ئاشىدىكەن، پەقەت شىمالغا يۈرۈش قوشۇنى، يەر ئىنقىلابى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغانلار 760 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزالىرى 320 مىڭدىن ئاشىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھەر قايسى سەپلەردە خالىسانە ئىشلەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كىرىشكەندىن بۇيان، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دۆلەت ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل توشۇش ئارپىسىدا، گوۋۇيۈەن 2790 نەپەر كىشىگە مەملىكەتلىك ئەمگەك قەھرىمانى ۋە ئىلغار خىزمەتچى، دەپ نام بەردى، بۇنىڭ %90.6 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 5365 نەپەر كىشىگە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە %80.5 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى نام بەرگەن 2219 نەپەر ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش، ياش مۇتەخەسسىسنىڭ %63.4 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەقدىرلىگەن 19 مىڭ 769 نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى (مائارىپ خادىملىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ %74.8 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ مەملىكەت بويىچە 1000 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى مېدالى ئالغانلارنىڭ %80 ى كومپارتىيە ئەزاسى. 1990 - يىلى يېزا ئىگىلىكى بويىچە 511 نەپەر مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسىنىڭ %83.2 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ مەملىكەت بويىچە 100 نەپەر مۇنەۋۋەر دېھقان كارخانىچىنىڭ %87 ى كومپارتىيە ئەزاسى؛ مەملىكەت بويىچە ئون نەپەر ئەڭ ياخشى كارخانىچىنىڭ ھەممىسى كومپارتىيە ئەزاسى؛ 1979 - يىلدىن بۇيان، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەر قايسى باش بۆلۈملىرى، ھەر قايسى ئارمىيە تۈرلىرى، ئەسكىرىي تۈرلىرى، ھەر قايسى چوڭ ھەربىي رايونلار بويىچە شەرەپلىك نام بېرىلگەن 370 نەپەر ھەربىينىڭ %92.7 ى كومپارتىيە ئەزاسى. بولۇپمۇ ۋەتەننى قوغداش، توپىلاڭنى تىنچىتىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، خەۋپتىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە، ھامان بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى پىداكارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايەن قىلىپ كەلدى.

## 2. پارتىيە — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، بۇنى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئاۋانگارتلىق خاراكتېرى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزدە، دېھقانلار نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولالمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل پارتىيىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. مىللىي بۇرژۇئازىيە سىنىپىدا مەلۇم دەرىجىدە جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش تەلىپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تەرىپىمۇ بار. شۇڭا، ئۇلارمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. پەقەت ئىلغار ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك

قىلىدىغان ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابىي پروگراممىسىنى ۋە تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدۇ. پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە بولسۇن، ياكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە بولسۇن، پارتىيىمىز باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ كەلدى، پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق، بۇ — پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى.

پارتىيە — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، بىرىنچىدىن، بۇ، پارتىيە تۈزگەن پروگرامما، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىشىدەك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ توپ نىشانى—دۆلىتىمىزنى پەيدىنپەي باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ سىياسىتى پارتىيىنىڭ ھاياتى. پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش - قىلالماسلىقى—خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ ياخشى بولغان - بولمىغانلىقىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەم. ھازىرقى باسقۇچتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدىن چەتلىگەنلىك، خەلق مەنپەئىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ زىيان يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى كېرەك. خەلق ئاممىسى — تارىخنى ياراتقۇچىلار. ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش — پارتىيىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى، غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسى. پارتىيە ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئاممىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ تەلەپلىرىنى چۈشىنىپ، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندىلا، سىياسەتلەرنى توغرا بەلگىلىگىلى ۋە ئىجرا قىلغىلى، ئاممىنى يېتەكلەپ، ئالغا باسقىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى زۆرۈركى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىنىڭلا مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلماسلىقى، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىدىن چەتلەپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇش پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ، بۇنى چەكلەش ۋە تۈگىتىش كېرەك.

## 3. كومپارتىيە ئەزالىرى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى كېرەك

كومپارتىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، كومپارتىيە ئەزالىرى جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جان - دىل

بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئابستراكت ئەمەس، ئاچقۇچ — پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇشىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىشتا. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا، بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ياكى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جان - دىل بىلەن، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ دېھقان - چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرى دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇندىشى لازىم؛ پارتىيىلىك كادىرلار قولىدىكى ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، ئادىل، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، ھەرگىزمۇ خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىقى، ھۆكۈمەت نامىدا ئېلىپ ئۆز چۆنتىكىگە سالماسلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى لازىم؛ مەيلى كومپارتىيە ئەزالىرى بولسۇن ياكى كادىرلار بولسۇن، ئاممىنىڭ دەرد - ھالىغا ھەققىي يېتىشى، ئاممىنىڭ ئارزۇ ۋە تەلىپىنى ۋاقتىدا چۈشىنىشى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ياردەم بېرىشى لازىم؛ ئامما قىيىنچىلىقتا ۋە خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كەلگەندە، كومپارتىيە ئەزالىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغدىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقى كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ، پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتكىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ. (چېن خۇڭچۈن)

## تۆتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلۇۋاتقان ۋە خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە «تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىپ يۈرگۈزۈۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى كۈچەيتىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

### 1. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى — تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى، خەلقنىڭ توغرا تاللىشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ قېلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئۇ — جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدىكى توغرا تاللىشى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى، زۇلۇمى ۋە قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقى ئېگىلمەس - سۇنماس باتۇرانە روھ بىلەن تەيپىڭ - تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابى، ۋۇشۇي ئىسلاھاتى ۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغاندى، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەل

ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. سۇن جوڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىڭخەي ئىنقىلابى گەرچە چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، 2000 يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك، يېرىم فېئوداللىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، دېھقانلار سىنىپى گەرچە جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بولسىمۇ، لېكىن قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كەلتۈرۈپ چىقارغان چەكلىمىلىك، ئىلغار نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئىلغار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى؛ جۇڭگودىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ گەرچە جاھانگىرلىك، فېئودالىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلابچانلىق بىر تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تەرىپىمۇ بولغانلىقتىن، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىكى زەئىپلىكنى، مۇرەسسەچىلىكنى ۋە ئىنقىلابتىكى ئىزچىل - كەسكىنسىزلىكنى بەلگىلىگەن، ئۇمۇ ئوخشاشلا جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىدى. پەقەت ئىشچىلار سىنىپى ھەمدە ئۇنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىدى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالىدى، پۈتۈن مىللەتنىڭ كۈچىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالىدى. پارتىيە دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا توغرا يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى باشتىن - ئاخىر كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، نەچچە يۈز مىڭلىغان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە نەچچە ئون مىڭ كادىرلارنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، 28 يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، «ئۈچ چوڭ تاغ»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىمىز يەنە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. گەرچە ئىلگىرىلەش يولىمىزدا ئەگرى - توقايلىق ۋە سەۋەنلىكلەر بولغان بولسىمۇ، پارتىيىمىز يەنىلا خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 80 - يىللاردا ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى نىشانىنى غەلىبىلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى روشەن ئاشتى، دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەقىل، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى مۇناسىپ ياخشىلاندى ھەمدە 1 مىليارد 100 مىليون نوپۇسنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. نۆۋەتتە، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7 - ئومۇمىي يىغىنى

يەنە «8 - بەش يىللىق» پىلان ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئۈچىنچى قەدەمدىكى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

يۇقىرىقى ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىمۇ بولمىغان بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدىكى رەھبەرلىك ئورنى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە رەھبەرلىك رولىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى — دەل جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تارىخىي تەجرىبىلىرى قانۇنىي شەكىلدە ساداقەتلىك بىلەن خاتىرىلىنىپ، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب ساداسى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

## 2. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، مۇرەككەپ تارىخىي ۋەزىپە. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش تۈپ كاپالەتتۇر.

بىرىنچى، پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك يۆنىلىش دېگىنىمىز، ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، يەنە بىرى، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ئۈستقۇرۇلما جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە مۇھىم بەلگىسى، ئۇ پارتىيىنىڭ پروگرامما ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى لۇشيەنى بىلەن تامامەن بىردەك. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز پەقەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېنلىرىنى توغرا بېكىتىپلا قالماي، بەلكى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، تۈرلۈك خاتا خاھىشلارنىڭ كاشىلىسىنى ئۈزلۈكسىز تۈگىتىپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدىن چەتلەپ كېتىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىدا جەزمەن تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي مۇھىت بولۇشى زۆرۈر، بۇ — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش — مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق، 1989 - يىل ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن سىياسىي مالىمانچىلىق ھەمدە 1990 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ھەممىسى بىزگە

شۇنى قايتا - قايتا ئۇقتۇردىكى، پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىدىكەن ۋە ئۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىكەن، سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن كۈچلەر شۇ ھامان ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، ھۆكۈمەتسىزلىك ئەدەپ كېتىدۇ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ، خەلق بالا - قازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئاستىلىتىپلا قالماي، زور ئۈمىد، ئىستىقبالغا ئىگە جۇڭگونى قالايمىقان، تىنچسىز، ئىستىقبالسىز جۇڭگوغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، جاھان جەزمەن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ. قالايمىقان، تىنچسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — بىر مەيدان ئۇلۇغ شۇنداقلا چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئەگەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىكى ۋە ئاكتىپ ھەرىكىتى بولمىسا، بۇ ئۆزگىرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى پارتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىغا ۋە تەشكىللىشىگە موھتاج. مەملىكىتىمىزدەك 1 مىليارد 100 مىليون نوپۇسقا ئىگە، 56 مىللەتلىك بۇنداق چوڭ دۆلەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ۋە تەشكىللىيەلەيدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا جەلب قىلىپ ئۇيۇشتۇرالايدىغان پارتىيە ۋە سىياسىي كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا، ئەڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، پارتىيە رەھبەرلىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان. پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى ئىدىيىدە، نىشاندا، ھەرىكەتتە، ئىسلاھاتتا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ، ئۇ ھالدا بۇ خەلقنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئېغىر ھالدىكى خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىشى شەرت، بۇ پرىنسىپتىن تەۋرەشكە قەتئىي بولمايدۇ؛ بۇ پرىنسىپتىن تەۋرىگەنلىك پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىنمۇ تەۋرىگەنلىك بولىدۇ. بۇ تۈپ مەسىلە جەھەتتە ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسى جەزمەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ئاڭلىق قوغدىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق خاتا خاھىشلارغا بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

## 3. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىم

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت ۋە پارتىيىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئاساس قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تارىخىدىكى تەجرىبىلەر چوڭقۇر يەكۈنلىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قانداق ياخشىلاش دېگەن بۇ مۇھىم مەسىلە بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلدى. بۇ مەسىلە ياخشى تەتقىق قىلىنمىسا، ھەل قىلىنمىسا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغىلى بولمايدۇ، پارتىيىنىڭ

ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش — دىئالېكتىك بىرلىكتۇر. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش — پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش — پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ كاپالىتى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرمىغاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلىمىغاندا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەقىقىي يوسۇندا چىڭ تۇرغىلى بولمايدۇ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ھېلىقىدەك پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشنى باھانە قىلىۋېلىپ، ئەكسىچە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى خاتا، لېكىن پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، پاتال تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلىمىسا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى ئوخشاشلا زىيانغا ئۇچرايدۇ.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. پارتىيە نىزامنامىسىدە: «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. پارتىيە رەھبەرلىكى ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك، يەنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى. بۇ خىل رەھبەرلىك مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ۋە ئىلگىرىلەش نىشانىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ — دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشىگە ھەممە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنىڭ ئەڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبەرلىكى — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن ئاممىنى قوراللاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىدىغان، پارتىيە يېتەكلىگەن توغرا يۆنىلىش ۋە يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكى — پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا سادىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزۇش، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا، قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ سىياسىي، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان پۈتۈنلۈكتۇر، بۇنىڭدىن بىرى كەم بولسا، پۈتۈنلۈك جەھەتتە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە زىيان يېتىدۇ. بۇ — پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتا ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم پرىنسىپ.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك شەكلى، رەھبەرلىك ئۇسۇلى، رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ياخشىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش جەھەتتىن ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت بەلگىلەش ۋە ئۇنى توغرا ئىجرا قىلىش ئارقىلىق پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، بەلگىلىگەن لۇشيەن، سىياسەتلەر پەقەت كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، نىشانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ توغرا يۆنىلىش ۋە يولنى بويلاپ ماس قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ ھەممە ئۇنى ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇنى ۋاستە ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن، ئەمر - پەرمان ۋە كونكرېت سىياسەتكە ئايلاندۇرۇش ھەممە دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش، ئەدلىيە، مەمۇرىي

ئورگانلرى، شۇنداقلا ئقتساد، مەدەنيەت تەشكلاتلرى ۋە ئاممۋى تەشكلاتلارنڭ رولنى جارى قلدۇرۇش ئارقلق پارتيە رەھبەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ — ھاكمىيەت بشدكى پارتيينڭ رەھەرلك شەكلنڭ مۇھم ئالاھدلكى، بز پارتيينڭ رەھبەرلك خزمتى داۋامدا ئۇنى تەتبقلاشنى ئۆگنۋېلشمز لازم.

ئۈچنچى، پارتيينڭ تەشكلي خزمتى ئارقلق پارتيە رەھبەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتيينڭ كادرلارنى باشقۇرۇش پرنسپدا چڭ تۇرۇپ، تەربيلەپ يېتشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە زور بر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادرلارنى دۆلەت ئورگانلرى ۋە ئقتساد، مەدەنيەت تەشكلاتلرنڭ رەھبەرلك ۋەزپسگە كۆرستش ئارقلق پارتيينڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سياسەتلرنڭ ئجرا قلنشغا كاپالەتلك قلش لازم. شۇنڭ بلەن بر ۋاقتتا، ھەر دەرجلك پارتيە تەشكلاتلرى يەنە ئشچلار ئۇيۇشمسى، ياشلار ئتتپاقى، ئاياللار برلەشمسى قاتارلق ئاممۋى تەشكلاتلارنڭ خزمەتلرگە ياخشى رەھبەرلك قلپ، ئۇلارنڭ رولنى تولۇق جارى قلدۇرۇشى كېرەك.

تۆتنچى، ئدىيۋى - سياسي خزمەتنى كۈچەيتش ئارقلق پارتيە رەھبەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتيينڭ لۇشيەن ۋە سياسەتلرنى كەڭ ئاممنڭ ئاڭلق ھەركتگە ئايلاندۇرۇشتا، زورلاش، بۇيرۇققا تاينش ئاقمايدۇ، ئۇ، زيانلق. توغرا ئۇسۇل يەنلا «پارتيينڭ توغرا سياستى ۋە ئۆزنڭ نەمۇنلك خزمتى ئارقلق پارتيە سرتدكى زاتلارنى قايل قلش ۋە تەربيلەش، شۇ ئارقلق ئۇلارنى بزنڭ تەشەببۇسلرمزنى قوبۇل قلشنى خالايدغان قلشتن ئبارەت». يېڭى دەۋردە، ئدىيۋى - سياسي خزمەتنڭ ئورنى ۋە رولنى ئۆزگەرتشكە بولمايلا قالماستن، بەلكى ئۇنى تېخمۇ بر قەدەم ئلگرلگەن ھالدا كۈچەيتشكە توغرا كېلدۇ. پەقەت شۇنداق قلغاندلا، پارتيينڭ لۇشيەن ۋە سياسەتلرنى ئاممنڭ ئاڭلق ھەركتگە ئايلاندۇرۇپ، پارتيە رەھەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرغلى بولدۇ.

بەشنچى، پارتيينڭ ئاساسي قاتلام تەشكلاتلرنڭ جەڭگۋار قورغانلق رولنى ۋە كومپارتيە ئەزالرنڭ ئاۋانگارتلق، نەمۇنلك رولنى جارى قلدۇرۇش ئارقلق پارتيە رەھبەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتيينڭ ئاساسي قاتلام تەشكلاتلرى — پارتيينڭ جەمئيەتنڭ ئاساسي قاتلام تەشكلاتلرى ئچدكى سياسي يادروسى، ئۇنڭ جەڭگۋار قورغانلق رولى ۋە كومپارتيە ئەزالرنڭ ئاۋانگارتلق، نەمۇنلك رولى تولۇق جارى قلدۇرۇلسا، كەڭ خەلق ئاممسمۇ پارتيە ئەزالردن ئۆگنپ، پارتيگە ئەگشپ ماڭدۇ، بۇ پارتيينڭ جەڭگۋارلقنى ئاشۇرۇپ، پارتيە رەھبەرلكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھم ئەھميەتكە ئگە.

چيەن خۇڭچۈن

## بەشنچى، جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسنڭ يېتەكچى ئدىيسى

جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسى — ماركسزم - لېننزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئدىيسى نەزەريسى ئاساسدا قۇرۇلغان جۇڭگو ئشچلار سنپنڭ ئاۋانگار ئەترتى. پارتيينڭ ئۈزلۈكسز تەرەققي قلشى ۋە زوريشى، پارتيە ئشلرنڭ ئۈزلۈكسز غەلبە قلشى ۋە ئالغا بېسدكى ھەل قلغۇچ ئامللارنڭ برى — پارتيمزنڭ ماركسزم - لېننزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئدىيسنى ئۆز ھەركتنڭ قبلنامسى قلغانلقدا. بۇ — پارتيينڭ ئلغارلقنى ساقلاش، پارتيمزنڭ مەڭگۈ غالب ئورۇندا تۇرۇشغا كاپالەتلك قلشتكى مۇھم شەرت.

## 1. پارتيمز ماركسزم - لېننزم، ماۋزېدۇڭ ئدىيسنى ئۆز ھەركتنڭ قبلنامسى قلدى

ھەر قانداق پارتيينڭ ھەركتى ھامان مۇئەييەن ئدىيە ۋە نەزەريىنڭ يېتەكچلكدە ھەمدە ئدارە قلنشدا

بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىدىغان ئىدىيە ۋە نەزەرىيە پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دېيىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكنىڭ مەھسۇلى. پارتىيىمىز — دەسلەپتىلا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيە ۋە ئىنقىلابىي خىسلەت بويىچە قۇرۇلغان ئىنقىلابىي پارتىيە، پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئىجادىي تەتبىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى — ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ھەمدە بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. نەتىجىدە، پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە نىزامنامىسىدە: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشى. ئېنگېلس پارتىيىمىز ناھايىتى زور ئارتۇقچىلىققا ئىگە، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ يېڭى بىر ئىلمىي دۇنيا قاراشنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلغان، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ يېڭى ئىلمىي دۇنيا قاراش — دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت. ئۇ — پارتىيىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پرولېتارىياتلىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى، سىياسىي جەھەتتىكى دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشىدىكى ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورالى. پارتىيە ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي دۇنيا قاراشنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا دۇنيانى بىلگىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگىلى ۋە ئۇنى ھەل قىلغىلى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىش ۋە يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسى. پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ھەممىدىن ئاۋۋال توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە نېمىگە تايىنىلىدۇ؟ بىرىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە، ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەشكە تايىنىشقا ھەمدە بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئىلگىرى ئىنقىلاب ئېلىپ بارغاندا شۇنداق قىلغان ئىدۇق، ھازىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندىمۇ، شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن ئېچىش نۇتقىدا: «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز ئەنە شۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى («پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق» ئۇيغۇرچە نەشرى 216 - بەت). پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلغانلىقى، دۆلىتىمىز تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىمىز تۈزگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، دۆلىتىمىز

جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولدى. ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئىلمىي يوسۇندا بىلىپ، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقالمىغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى سەپلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادىي يوسۇندا ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلىمۇ بولمايتتى، ھەمدە دۆلىتىمىز 80 - يىللاردىكى قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەنمۇ بولاتتى.

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى تەتقىقات كۇرسىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان پارتىيىنىڭ ئىلغار پارتىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىلغار جەڭچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىلغار نەزەرىيە بىلەن كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشنى رەت قىلغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي پارتىيىۋىلىكى بولمايدۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارد ئەترىتى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش سالاھىيىتىمۇ بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. («يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 187 - بەت) بۇنىڭدىن ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا خاس ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنى ساقلىغىلى، ساداقەتلىك بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغىلى، توغرا كۈرەش نىشانىغا ئىگە بولغىلى ۋە توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغىلى، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك بىردەكلىكنى ۋە تەشكىلىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، خىزمىتىمىزدە پرىنسىپاللىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجادچانلىقنى كۈچەيتكىلى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە قارشى كۈرەش داۋامىدا، پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك يادروسىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — ئىلمىي نەزەرىيە، ئىلمىي نەزەرىيىگە ئىلمىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىش لازىم. بىز ھەم ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە سەل قارايدىغان تەجرىبىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ئۇنى ئۆۋەنلىتىدىغان، ئىنكار قىلىدىغان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش سەپسەتىسىگە قارشى تۇرۇشىمىز، ھەم ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن بولغان دوگمىچىلىق پوزىتسىيىسىگىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان پەن. ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىشتىكى بىردىن بىر توغرا پوزىتسىيە — بىرىنچىدىن، چىڭ تۇرۇش، ئىككىنچىدىن، تەرەققىي قىلدۇرۇش، چىڭ تۇرۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. چىڭ تۇرۇش — تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، تەرەققىي قىلدۇرۇش — چىڭ تۇرۇشنىڭ جەريانى ۋە

نەتىجىسى. چىڭ تۇرۇش تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، چىڭ تۇرۇشتىن چەتلىگەندە، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، پەقەت تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن چەتلىگەندە، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ، بىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش دېگىنىمىز — ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋزېدۇڭلارنىڭ بىر نەچچە ئېغىز گەپلىرى ۋە ئايرىم يەكۈنلىرىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە مۇشۇ ئاساسىي قائىدىدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە بولغان ئېتىقادنى كۈچەيتىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەرگىز ئېقىمغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكى، مۇستەھكەم سىياسىي مەيدان، ئىلمىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشى، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ قائىدىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاممىۋى لۇشيەن ۋە مۇستەقىل — ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پۈتكۈل پارتىيىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى، ئۆزىمىزنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ۋە تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە خاتا خاھىشلارنى توسۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. بىز ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىلىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشىمىز، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىدە پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم. ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇشنى تەكىتلەش — ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم قائىدىسى. بۇ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ماھىيەتلىك زىددىيىتى (پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن پرولېتارىياتقا يات ئىدىيىلەرنىڭ زىددىيىتى) تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيىمىز

ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىگە كىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيە جەھەتتە پارتىيىگە كىرىش لازىملىقىنى، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى ھەمدە تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق پرولېتارىياتقا يات تۈرلۈك ئىدىيىلەرنى تۈزىتىشنى ۋە تۈگىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋزېدۇڭنىڭ مۇشۇ مۇھىم پارتىيە قۇرۇش قائىدىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتىدا، پارتىيىمىز پرولېتارىياتقا يات سىنىپتىن بولغان پارتىيە ئەزالىرى كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىمۇ، پارتىيىمىزنىڭ پرولېتارىياتقا خاس خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى ھەمدە پارتىيىمىزنى «پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە، ئىدىيىۋى - سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ۋە بولشېۋىكلاشقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى». («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 504-بەت) يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت بۇ تارىخىي تەجرىبىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىدە پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت سىناقتا ۋە خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستىنىڭ ئېغىر ھالدا خىرىس قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ. پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى بىر مەزگىل ئىچىدە، پارتىيىمىز ئۆز قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىزلاپ كەتتى، پارتىيە ئىچىدە پرولېتارىياتقا يات ئىدىيىلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئالايلۇق، بەزى پارتىيە ئەزالىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن گۇمانلاندى ۋە تەۋرەندى، شەخسىيەتچىلىك، لىبېرالىزملىق، پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىلىرى ئۆسۈپ قالدى ۋە تارقالدى، تەشكىلچانلىق — ئىنتىزامچانلىق قاراش ئاجىزلاپ كەتتى ۋە سۇسلىشىپ قالدى، ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىك ھادىسىلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ۋەھاكازالار. بۇلار پارتىيىمىزنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتتى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىغا ئەسىر يەتكۈزدى. شۇڭلاشقا، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىشنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلاپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئىدىيىۋى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى؛ ھەر بىر كومپارتىيە ئەزالىرى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق مېڭىسىنى قوراللاندۇرۇپ، كوممۇنىزملىق ئىدىيىنى مۇستەھكەملەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پاك - دىيانەتلىك ئىستىلنى داۋاملاشتۇرۇشى، پرولېتارىياتقا يات تۈرلۈك ئىدىيىلەرنى تۈزىتىشى ۋە تۈگىتىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىدە پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبدان ھەل قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىز ئاندىن ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يولنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

(چيەن خۇڭچۈن)

# ئالتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى باش ۋەزىپىسى

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»دا: «پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى — كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دەپ بەلگىلەنگەن. پارتىيىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ يۈكسەك غايىسى، شۇنداقلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى.

## 1. پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى — كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

پارتىيە كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش نىشانى قىلدى، چۈنكى، ئۇ — تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بەش خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ رەت بويىچە ئالمىشىشى — جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەتلىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بىر قېتىملىق زور ئىجتىمائىي تەرەققىيات. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى يوق ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە، مەھسۇلاتلاردا ئېشىنچە بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋاللىرى بارلىققا كېلىپ، سىنىپ پەيدا بولدى. قۇللۇق جەمئىيىتى تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇللۇق جەمئىيەت فېئوداللىق جەمئىيەتكە، فېئوداللىق جەمئىيەت يەنە كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلدى. بۇ سىنىپىي جەمئىيەتلەردە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەمگەكچىلەر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى. كاپىتالىستىك جەمئىيەت كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى جەمئىيەت. ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت. ئۇ مەركەزلىك ھالدا پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ قارىمۇ قارشى سىنىپنىڭ كەسكىن كۈرەشى بولۇپ ئىپادىلەندى. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزى ھەل قىلالمايدۇ، بۇ زىددىيەت پەقەت پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشى ئارقىلىق، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن تۈزۈل-كېسىل ھەل بولىدۇ. بۇ — كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. پارتىيە كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلىشنى دەل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي تونۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ گۈزەل ئىجتىمائىي تۈزۈم. بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلار ناھايىتى مول بولغان بولىدۇ. ئىككىنچى، جەمئىيەت ئەزالىرى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان كوممۇنىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى يولغا قويۇلغان بولىدۇ. ئۈچىنچى، شەخسلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىماتىدا، «ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەر كىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. تۆتىنچى، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى يۈكسەك كوممۇنىستىك ئىدىيۋى ئاڭغا ۋە ئەخلاق پەزىلىتىگە ئىگە بولغان، ئەمگەك تىرىكچىلىكنىڭ ۋاسىتىسى بولۇشتىن قېلىپ، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغان بولىدۇ. بەشىنچى، سىنىپىي پەرق ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي پەرقلەر تۈزۈل - كېسىل يوقىتىلغان، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالى بولغان دۆلەت مۇ يوقىتىلىدىغان بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت چەكسىز پارلاق، گۈزەل بولغان بۇ كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىلا، ئاندىن پرولېتارىيات تۈزۈل - كېسىل ئازاد بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلغان.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى سۈپىتىدە، مۇنداق ئىككى چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ - سوتسىيالىزم جەمئىيىتى، ئۇ كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە تەرەققىي قىلىشتىكى مۇقەررەر باسقۇچ؛ ئىككىنچى باسقۇچ — كوممۇنىزم جەمئىيىتى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئەمدىلا كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىن مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، ئۇ ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە ئۆزى تۆرەلگەن كونا جەمئىيەتنىڭ ئەسەرلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئۇ بىر خىل يېڭىچە جەمئىيەت بولۇپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ماھىيەتلىك پەرقى بار. سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق: ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغان، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلغان بولىدۇ؛ ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى خەلق خوجايىنلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەت ئورنىتىلغان بولىدۇ؛ ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەر كىمگە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش، پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ؛ خەلق ئىگىلىكى پىلانلىق، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ؛ ماركسىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تىكلىنىدۇ. بۇ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قارىغاندا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنە تۈرغۇن پەرقلەر مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يەنە ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلىشتەك تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئىجتىمائىي فورماتسىيە بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچىدىن ئىبارەت، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى جەھەتتىكى ماھىيەتلىك باغلىنىش ۋە ئورتاقلىق مەۋجۇت. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە، كوممۇنىزملىق ئامىللارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ يوقىلىدۇ ۋە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئايلىنىدۇ.

كوممۇنىزم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار ۋە مۇشكۇل ئىش. ئىنسانلارنىڭ كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈش يولى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇن نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قەتئىي بوشاشماي جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشى ئارقىلىقلا، ئەمەلگە ئاشىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 70 يىللىق تارىخ — جۇڭگو زېمىنىدا كوممۇنىزم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان شەرەپلىك كۆرەش تارىخىدىن ئىبارەت. پارتىيىمىز خەلقنى رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىلىرىنى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى، ھازىر خەلقنى رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇلار بىزنى كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئاخىرقى نىشانغا قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى تېخى ئورۇندالغىنى يوق. پارتىيىمىز ئالغا بېسىش يولىدا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا، خاتا خاھىشلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا، كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىق ۋە ئەگرى - توقايلىقلارغا ئۇچراشتىن خالىي بولالمايدۇ، لېكىن بۇ كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسىرى ئالغا باسىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كومپارتىيە ئەزالىرى ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنى چىڭ تۇتۇپ، ئېگىلمەي - پۈكۈلمەي، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىشى لازىم؛ كوممۇنىزم بەك يىراق، ھازىر كوممۇنىزمنى تەكىتلەش «سول»چىللىق شوئارىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئەمەلىي ئەھمىيىتى كۆپ يوق» دېگەندەك قاراشلار شۇنىڭدەك كوممۇنىزمنى ئادەتتىكى ئىشلاردا تەكىتلەش ياكى تەكىتلىمەسلىك ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىلگەن، چاكىنىلاشتۇرۇلغان تونۇشلارنىڭ ھەممىسى كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

## 2. پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىسى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش

پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش كېرەك». بۇ — ھەم پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى، ھەم پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى باش ۋەزىپىسى ۋە باش سىياسىتى. ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ — پۈتكۈل پارتىيە ۋە پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى كۆرەش پروگراممىسى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. پارتىيە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، خەلقنى بېيىتىپ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماددىي ئاساس سالالايدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى، خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز. ئوخشاشلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز ھەمدە سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشىنى كېڭەيتىپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتەلەيمىز. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈلگەن، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كېلىدۇ. پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتلەيدىغان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشلىرىغا قارشى تۇرۇشىمىز، ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن چەتلەيدىغان قاتمال خاھىشلارغا قارشى تۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزملىق سىياسىي يۆنىلىشكە ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەملىكەت قۇرۇش — پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ستراتېگىيىلىك تۈپ نىشانى. «باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك» بولۇش — سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ئالامىتى. نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس؛ دېموكراتىيە، مەدەنىيەت يېتەرسىز بولسىمۇ، ئۇنى مۇكەممەل سوتسىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ. «باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك» بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈپ ستراتېگىيىلىك نىشاندا ئومۇميۈزلۈك چىڭ تۇرغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاندىن ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىغا ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئىدىيە ۋە ئۇسۇللار پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا تۈزىتىش كېرەك.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ تىگىلىك يارىتىش — پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلى. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئاساسى ئاجىز، ماتارىيى، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشى ئەمەس. مۇشۇنداق ئاساستا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ، شۇڭا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خام خىياللاردا بولساق بولمايدۇ. جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، مەۋقەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىغا قويۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھنى

جارى قىلدۇرۇپ، سەممىي ھالدا جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىمىز دەپ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى چەتكە قېقىشقىمۇ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تۈپەيلىدىن، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتىن ۋاز كېچىشكىمۇ؛ شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىلا تەكىتلەپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە سەل قاراشقىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىدىن ھالقىغان ھالدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە يۈكسىلىشىنى قوغلىشىشقىمۇ بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى قارىغۇلارچە يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىش، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ ئىسراپ قىلىش ئىستىلى ئوخشاشلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىكى تەلەپلەرگە خىلاپ، ئۇنى تۈزىتىش كېرەك.

ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: بىزنىڭ «ھازىرقى تىرىشچانلىقلىرىمىز كەلگۈسىدىكى چوڭ نىشانغا قارىتىلغان، بۇ چوڭ نىشاننى يوقىتىپ قويغۇچىلار كومپارتىيە ئەزاسى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندىكى تىرىشچانلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغۇچىلارمۇ كومپارتىيە ئەزاسى ھېسابلانمايدۇ». («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 524 — 525 - بەتلەر) كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار نىشانغا سادىق بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ھازىرقى باسقۇچتا ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم. بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال بىز بىر ئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ ئالىي مەجبۇرىيىتىمىز ۋە تارىخىي بۇرچىمىز، بىز پارتىيە ئىشلىرىنى كوممۇنىزمغا بولغان سەممىي ساداقىتىمىز بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

(چېن خۇڭجۇن)

# يەتتىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ 10 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: «پارتىيە — ئۆزىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە — مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە». پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولۇش - بولماسلىقى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ نورمال بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئېلىمىز سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇش - بولماسلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

## 1. نېمە ئۈچۈن دېموكراتىيە — مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلىدۇ؟

### 1) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇرغۇنلىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاددىي بىرلەشمىسى بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىلىرى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلىرى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بىلەن پۈتكۈل كومپارتىيە

ئەزالىرىنىڭ مۇئەييەن پرىنسىپ بويىچە بىرلەشكەن بىر پۈتۈن گەۋدىسى. بۇ پرىنسىپ — پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېگەنلىك — يۈكسەك دېموكراتىيە ئاساسىدا يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش دېگەنلىكتۇر. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىككى تەرەپنى تۈز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ھەم دېموكراتىيىدىن ئايرىلغان ھالدا مەركەزلەشتۈرۈش ئۆستىدە توختالغىلى بولمايدۇ، ھەم مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئايرىلغان ھالدا دېموكراتىيە ئۈستىدە توختالغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئايرىۋېتىلسە ياكى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇلسا، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى زىيانغا ئۇچرايدۇ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلايدۇ.

## 2) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭگەن

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيىمىز قۇرۇلغان 70 يىللىق جەڭگىۋار مۇساپە جەريانىدا، ئىنتايىن ئاز يىللاردىن باشقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى خېلى ئوبدان ئىجرا قىلىنغاچقا، پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشى ساغلام، جانلىق، ئىتتىك بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى — پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى (ئۇلار تەسىس قىلغان ۋەكالەت ئورگانلار ۋە پارتىيىسىز ئاپپاراتلاردىكى پارتگۇرۇپپىلار بۇنىڭ سىرتىدا) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ياكى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ «تۆت بويسۇنۇش» (پارتىيە ئەزاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا بويسۇنۇش، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ ھەممە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق ئەزالىرى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتىغا بويسۇنۇش)دە مەركەزلەشتۈرۈش تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە نىزامنامىسىدە يەنە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمۇ بەلگىلەنگەن؛ ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇشى كېرەك، لېكىن كۆپچىلىكمۇ ئازچىلىققا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرۈشى لازىم؛ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا بويسۇنۇشى، پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشى كېرەك، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە مەركەز تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر پارتكوملارنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق قارار قىلىنىشى، شەخسلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشىغا يول قويۇلماسلىقى لازىم. پارتىيە ئىچىدىكى بۇنداق ھەم دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئەركىنلىككە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىشتەك جانلىق، ئىتتىك سىياسىي ۋەزىيەت — پارتىيىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنىڭ، پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئوبرازى. بۇ ئۇقتا ھەممىمىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كونكرېت تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

## 2. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە رولى

### 1) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا تەدبىر تۈزۈشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ

ئاممىۋى لۇشيەن — پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنى، پارتىيە ئەزالىرىمىز بىلەن پارتىيىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاممىدىن ئېلىپ، يەنە ئاممىغا قايتۇرۇش داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. بىز لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزگەن چېغىمىزدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ، پارتكومنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، ئۇنى يەنە ئاممىغا قايتۇرىدىغانلا بولساق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇنداق توغرا تەدبىرگە تايىنىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

### 2) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش — يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئۆرغۈنلىغان يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى، زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش مۇنەۋۋەر كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كۆتۈرگۈزۈلدى، ئۇلار كەسپىي بىلىمگە ئىگە، ئىدىيىدە جانلىق، خىزمەت قىزغىنلىقى ئۈستۈن، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە. لېكىن ئۆرغۈنلىغان يولداشلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىمىنى ئىگىلىشى كەمچىل، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى تەربىيە كەمچىل، ئۇلار پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى پىششىق بىلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى سىڭدۈرۈپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك خىزمىتىدە، ئۇلارنى ھەم دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەم مەركەزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، قولىدىكى ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىپ، ھەممىدە پارتىيە پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا غەلىبىلىك رەھبەرلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 3) دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ۋە پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ مىزانى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇ بىرلىككە كەلگەن پروگرامما ۋە نىزامنامىگە، بىرلىككە كەلگەن ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىغا، پۈتكۈل پارتىيىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتكە ئىگە. لېكىن پارتىيە ئۆز ئىچىدە يەنە كۆپ قاتلاملىق

زىددىيەتلىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتلىرى، يەرلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بار، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىلىرى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلىرى بار، پارتىيىنىڭ كادىرلىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسى بار. پۈتكۈل پارتىيىدە ئورتاق كۆرەش قىلىش نىشانى ۋە ئورتاق تۈپ مەنپەئەت بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك خاراكتېر ئالغان قىسمەن مەنپەئەت بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىمۇ بار. مۇئەييەن شارائىتتا، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ۋە مەنپەئەت جەھەتتە زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، پەقەت دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە ھەم مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىشكە، ھەم دېموكراتىيە بىلەن ئەركىنلىككە ئەھمىيەت بېرىشكە، ھەم ئورتاق مەنپەئەتتە چىڭ تۇرۇشقا، ھەم قىسمەن مەنپەئەتكە ئېتىبار بېرىشكە، ھەم پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى نەزەردە تۇتۇشقا، ھەم شەخسنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىغا تەڭ ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — دەل دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشى ۋە دىئالېكتىك بىرلىكى بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن. پەقەت دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەر ھەل قىلىنىدىغانلا بولسا، ئاندىن مۇناسىۋەتنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغىلى، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىدىكى نورمال تەرتىپنى تۇرغۇزۇپ، پۈتكۈل پارتىيىنىڭ ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنى قاتتىق ئىنتىزامچان ۋە جانلىق، جۇشقۇن جەڭگىۋار كوللېكتىپ قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

## 3. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قانداق ئىزچىل ئىجرا قىلىش

يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى بولدى. لېكىن يەنىلا تۇرغۇن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، رەھبەرلىك يادرو بولۇپ شەكىللىنەلمەيۋاتىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ خىلدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىنىپ، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ھالەت ئۆزگەرتىلسە، ئاندىن دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىدىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

(1) دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلىشىشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى، ھەم دېموكراتىيىنى تەكىتلەش، ھەم مەركەزلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش؛ ھەم دېموكراتىيىنى جارى

قىلدۇرۇش ئاساسىدا توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ھەم مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدە، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ھەم فېئودال مۇستەبىتلىك ياكى بيۇروكراتلىق مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئەمەس، ھەم ھۆكۈمەتسىزلىك ياكى چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلىشىش ئەمەس. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلار دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، خىزمەتتە دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنى توغرا بىرلەشتۈرەلەيدىغانلا بولسا، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، قۇيرۇقچىلىق خاتالىقىنىمۇ، بۇيرۇقچىلىق خاتالىقىنىمۇ ئۆتكۈزمەيدۇ.

(2) پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. كوللېكتىپ رەھبەرلىك — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئەڭ ئالىي پرىنسىپ. ئومۇمەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە قانۇن - پەرمانلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا، مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش پىلانىغا، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، مۇھىم كادىرلارنى تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇشقا، ئۇلارنى يۆتكەش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغانلىكى مەسىلىلەر يېزا (بازار)، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىشى ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەككى، ھەرگىز يېزا (بازار) پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىر ئادەمنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرمەسلىك كېرەك.

(3) پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى ئەستايىدىل كېڭەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، دېموكراتىيە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكرى، تەلىپى ۋە تەكلىپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ خەۋەردار بولۇش ۋە بىۋاسىتە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى تەقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مېڭىسىدىكى فېئوداللىق قالدۇق ئىدىيىلەرنى تازىلاپ، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، ئىشتا ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشى، ئاۋۋال دېموكراتىيىنى يولغا قويۇپ، ئاندىن مەركەزلەشتۈرۈشى، ھەرگىز ئىشنىڭ ئاسان بولۇشىنىلا كۆزلىمەسلىكى، ئاۋارىگەرچىلىكتىن قورقماسلىقى، ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك دېموكراتىك تەرتىپلەرنى ئىشقا ئاشۇرماي قويماسلىقى لازىم.

(4) پارتىيىنىڭ مەركەزلەشكەن بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى ھىمايە قىلىش لازىم. پارتىيە نىزامنامىسىدا بەلگىلەنگەن «تۆت بويسۇنۇش» — پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى — «پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇش»تىن ئىبارەت، «تۆت بويسۇنۇش» ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ مەركەزلەشكەن بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى دادىل بىر تەرەپ قىلىشى، ھەممىلا ئىشتا يۇقىرىدىن يوليورۇق سوراپ يۈرمەسلىكى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «پەۋقۇلئاددە ئەھۋال» دېگەننى باھانە قىلىپ، يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە تۇرۇغلۇق، ئۇنى يۇقىرىغا دوكلات قىلماي، يۇقىرىدىن يوليورۇق سورىماي، ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەسلىكى لازىم.

(5) پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى ئۆز قەرەلىدە چاقىرىپ، پارتىيە كومىتېتىنى ئۆز

قەرەلىدە ئۆزگەرتىپ سايلاش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىدا ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقتىن بەھرىمان بولىدىغانلىقى، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى تەدبىر بەلگىلەش، سايلاش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقى، قۇرۇلتاي ئارىلىقىدا ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلتاي قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۆز خىزمىتىدىن ئۇلارغا دوكلات بېرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن روھنى نامايەن قىلىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ياكى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى ئۆز قەرەلىدە چاقىرىشى، قەرەلىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. يېزا، كەنت دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ مۇددىتى توشسا، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا ياكى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى ھەمدە ۋەكىللەر ياكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنقىد، تەكلىپ، نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ۋە تەلەپلەرگە ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشى، ئۆزىنى شۇجى ياكى ھەيئەت ھېسابلاپ، ۋەكىللەر ياكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنقىدىگە پىسەنت قىلماسلىق ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقى، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى لازىم. پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا ئاساسىي قاتلام كومىتېتلار دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇلارنى بۇيرۇق ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇشقا بولمايدۇ؛ پارتكوم ھەيئەتلىرىنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، سان كەم بولۇپ قالسىمۇ، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇق ئارقىلىق تەيىنلىشىگە بولمايدۇ. بۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنسىلا، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاندىن مۇكەممەللىشىدۇ.

(ليۇ سۇيشېڭ)

## سەككىزىنچى، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم

پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشى — پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا، پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىنى باشتىن - ئاخىر كۈچەيتىش - كۈچەيتەلمەسلىك، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش - قىلالماسلىق ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىق پارتىيىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە ھەمدە پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىشىشىگە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي ئىش. يولداش چېن يۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى — پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 40 يىللىق تارىخىي تەجرىبىسى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

### 1. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى — پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك

نېمە ئۈچۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى ئۇنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك دەيمىز؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، نېمىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ئىكەنلىكىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. پارتىيە ئىستىلى — پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىلى ياخشى بولسا، پارتىيە ئىستىلى مۇقەررەر ھالدا توغرا بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيە ئىستىلى ناتوغرا بولىدۇ. بەزى يولداشلار پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىشى، بۇنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايدۇ، بۇ خىل تونۇش خاتا.

ئىككىنچىدىن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىنكى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. پارتىيىمىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن ئىلگىرى ئېزىلىش ۋە مۇھاسىرە قىلىنىش ئورۇنىدا تۇراتتى، جاپالىق قاتتىق ئۇرۇش مۇھىتى ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش شارائىتى پارتىيىمىزنى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، پارتىيىنىڭ ياخشى ئىستىلىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ چاغدا، ئايرىم كىشىلەر ناتوغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللىنىپ، چىرىكلىشىش نىيىتىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا شارائىت يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلاندى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەلۇم ھوقۇقنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك كىشىلەر رەھبەرلىك ئورنىغا قەدەم قويدى، ئەگەر پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن بۇ ھوقۇققا، ئورۇنغا، ئاممىغا توغرا مۇئامىلە قىلىنمىسا، ئېگىزدە تۇرۇۋېلىش، ئەمەلدار لويى بولۇۋېلىش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماسلىق، ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، قاقتى-سوقتى قىلىش، ئالاھىدە بولۇۋېلىش، ھوقۇق ۋە پۇل سودىسى قىلىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارا بېرىپ، پارا قوبۇل قىلىش، پوپوزا قىلىپ تارتىۋېلىش، ھايانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىك ھادىسىلەر پەيدا بولۇپ، پارتىيىنىڭ ھۈجەيرىسىنى ئېغىر ھالدا چىرىتىدۇ، پارتىيىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رەھبەرلىك، يادرولۇق رولىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئىستىلى بىلەن پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيىنىڭ لۇشيەنى، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بەش تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

پارتىيىمىز — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، مانا بۇ — پارتىيىنىڭ خاراكتېرى. پارتىيىنىڭ خاراكتېرى پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى بەلگىلەيدۇ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى پارتىيىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، پارتىيە ئەزالىرى خېيىم-خەتەردىن قورقمايتتى، جاپا تارتاتتى، ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇراتتى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتلىك خاراكتېرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىر قەدەر ئاسانغا چۈشەتتى. ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردا شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، خىزمەت كۆرسەتتىم، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى ھەتتا بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قېلىپ،

ئىنقىلابىيلىقىنى يوقاتتى، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىگە خىلاپلىق قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت پارتىيىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى داۋاملىق ساقلىغان ۋە جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ پرولېتارىياتچە ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنى ساقلىغىلى بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىغاندا، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

پارتىيىنىڭ لۇشيەنى بىلەن پارتىيە ئىستىلى بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ ۋە توغرا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغانلا بولسا، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، پارتىيە ئىستىلى خاتا بولىدۇ، پارتىيە لۇشيەنىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشتا مەسىلە كۆرۈلىدۇ، پارتىيە ئىشلىرى مەغلۇبىيەتكە ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ.

خەلق ئاممىسى — پارتىيىمىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت بۇلىقى ۋە غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسى،پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، زاۋال تېپىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۆرۈش جەريانىدا، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلاپ، جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى؛ پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ھوقۇق ئىگىلەپ، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلدى، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماي، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلدى ھەتتا خەلقنىڭ شىلىسىگە مىنىۋېلىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، ئاممىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەرتىلمىسە، تەرەققىي قىلۋەرسە، پارتىيە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە، پارتىيىنىڭ ھاياتىمۇ توختايدۇ.

پارتىيە ئىستىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل پارتىيە ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە مۇھتاج. پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولسا، خەلقنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشىنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولمىسا، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىسلاھات پۇرسىتىدىن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خىيانەت ۋە پارىخورلۇق قىلىدۇ، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ، كۆز بوياмچىلىق قىلىدۇ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ خىل چىرىك ئەھۋاللار داۋاملىشىۋەرسە، پارتىيىنىڭ ھالاك بولۇش يولىغا يۈزلىنىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

پارتىيە ئىستىلى يەنە خەلق ئىستىلىغا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي كەيپىيات — مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولسا، خەلق ئىستىلى

ياخشىلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ.

## 2. پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش — پارتىيە ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت

پارتىيە ئىنتىزامى — پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مىزانى ۋە سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچىمى. ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى تۈرلۈك قائىدىدۇر. پارتىيە ئىنتىزامى — پارتىيە لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ كاپالىتى، پارتىيە قوشۇنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك قورال. پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ زىچ ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم شەرتى. پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنى تۈپتىن ئۆزگەردى، ئۇ ھوقۇق، پۇل، ماددىي نەرسىلەر ھەممە خەلقئارادىكى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»كە ۋە بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت سىناققا دۇچ كەلدى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئاسانلا پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئېغىر ھالدا بيۇروكراتلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتىپ ۋە پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا زور بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شۇڭا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر، «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مىزان»، «پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئەمەل قىلىدىغان ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت»، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلار، ئەمىر - پەرمان ھەممە تۈرلۈك تۈزۈملەر پارتىيە ئەزالىرىمىز رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزامدۇر. بەزى پارتىيە ئەزالىرى بىرىنچىدىن، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلمىسا، ئىككىنچىدىن، ئاممىنى تۇرۇپ - تالىمىسا، ئۈچىنچىدىن، شەھۋانىلىق قىلمىسىلا، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلمىغانلىق بولىدۇ، دېيىشىدۇ، بۇ خىل تونۇش ئەتراپلىق ئەمەس. نۆۋەتتە، پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تۆۋەندىكى يەتتە جەھەتتىكى ئىنتىزامنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، سىياسىي ئىنتىزام. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ساقلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلەش لازىم. بۇ — پارتىيىنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ مۇھىم ئىنتىزامى.

ئىككىنچى، تەشكىلىي ئىنتىزام. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى

دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئاڭلىق ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەخسىي تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىردەكلىكىنى قوغدىشى لازىم.

ئۈچىنچى، كادىرلار خىزمىتى ئىنتىزامى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار كادىر تاللاش ۋە ئۇلارنى ئىشقا قويۇشتا ياكى يۆتكەشتە، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇپ، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ ناتوغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللىنىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، پارتىيە پرىنسىپى ۋە بەلگىلىمىدىكى تەرتىپلەر بويىچە ئىش قىلىشى لازىم.

تۆتىنچى، تەشۋىقات ئىنتىزامى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىغا خىلاپ بولغان گەپ - سۆزلەرنى تەشۋىق قىلماسلىقى، بارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلىشتا، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، قالايمىقان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقى، ئالدىن خەۋەر بېرىۋەتمەسلىكى لازىم.

بەشىنچى، ئاممىۋى ئىنتىزام. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەر قانداق سەۋەب ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ۋە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ئالتىنچى، مالىيە - ئىقتىساد ئىنتىزامى. ھەر قايسى رايون، ئىدارە ۋە شەخسلەر ئىقتىسادىي پائالىيەتتە، مالىيە سىياستى، باج سىياستى، ئامانەت - قەرز سىياستى، مال باھاسى سىياستى، مائاش سىياستى، مۇكاپاتلاش سىياستى، نەق پۇل باشقۇرۇش سىياستى، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش سىياستى، بازار سىياستى قاتارلىق سىياسەتلەرگە ئەمەل قىلىشى لازىم. بۇ سىياسەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، مالىيە - ئىقتىساد ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

يەتتىنچى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىنتىزامى. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلىشى، «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» ۋە تۈرلۈك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە، بىر يۈرۈش ئېسىل ئىستىللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ماۋ زېدۇڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئاممىغا زىچ ئالاقە باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىستىلنى يىغىنچاقلىغان ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن يېپىلىش نۇتقى»دا ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىزگە تىكلەپ بەرگەن ئاممىۋى لۇشيەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد، كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق - ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىللارنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىستىلى ۋە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىغا تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلى. پارتىيىمىز بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى — بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. پارتىيىمىز ئاممىدىن ئايرىلسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى «خەلق ئاممىسى — تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى» دېگەن ئاممىۋى كۆز قاراشنى تىكلەپ، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەشنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ چىقىش ئۇقتىسى ۋە نەتىجىسى قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچىگە قەتئىي ئىشىنىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ بىرلىشىشى، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش» تەك خىزمەت ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىشى، ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇنلاشتۇرۇشى لازىم. پارتىيىلىك كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئەھۋاللار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلى. تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى توغرا قانات يايدۇرۇش — پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە خىزمىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى جەھەتتىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، ياچېيكا يىغىنى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش، كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، دائىم ئۆزىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، خاتالىقنى تەكشۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلىپ، ھەر خىل چىرىك ئىدىيە ۋە ئىستىللارنىڭ پارتىيىمىزدىكى يولداشلارنى ۋە پارتىيىنىڭ ھۈجەيرىسىنى چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى. سەممىي ئادەم بولۇش، سەممىي گەپ قىلىش، سەمىمىيەتلىك بىلەن ئىشلەش — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى. پارتىيە ئەزالىرى يولداش چېن يۈن يۇقىرىنىڭ گېپىگىلا، كىتابتىكىگىلا ئېسىلىۋالماي، ھەقىقىي ئىش قىلىش لازىم، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكىنىدەك، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى، دېگىنىنى قىلىشى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشى، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، سۇبيېكتىۋىزملىققا قارشى تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، ئېنىق ئۆلۈغ، سۈپەتسىز قۇرۇق بولۇش ۋە ھەر قانداق مۇبالىغە قىلىشلارغا قارشى تۇرۇپ، يالغان گەپ، چوڭ گەپ، قۇرۇق گەپ قىلماسلىقى، ئەستايىدىل باش كۆتەرمەي، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق - ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش ئىستىلى. كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئورنى ۋە ئىنقىلاب، قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسى بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا مەغرۇرلىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كەيپىياتىنى ئاسانلا پەيدا قىلدى؛ ئۇلار كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇش ئىستىلىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىمىدى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ، ھە دېسىلا باشقىلارغا تەنبىھ بەردى ۋە ئۇلارنى تىللىدى، دېموكراتىيىنى باستۇردى، زەربە بېرىپ ئۆچ ئالدى، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىري يولداشلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلىماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى. نەتىجىدە، ئۆزلىرى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدى، پارتىيە ئىشلىرىمۇ زىيانغا ئۇچرىدى. شۇڭا، بىر كومپارتىيە ئەزاسى ھەر قانداق ۋاقىتتا، كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق - ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىشى لازىم.

بەشىنچى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئىستىلى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش — كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش پارتىيە ئىچىدىكى چىرىك ھادىسىلەرنى تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەپ، دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق. كومپارتىيە ئەزالىرى تىرىشچان-ئىقتىسادچىل بولۇپ ئاددىي-ساددا بولۇشى، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، بارلىقىنى خالىسانە تەقدىم قىلىپ، جىڭگاڭشەن روھى، يەنئەن روھى ۋە شىنجاڭدىكى بىڭتۈەن روھىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇتۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇشتەك ئېسىل ئىستىلنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئالتىنچى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئىستىلى. پارتىيىمىزنىڭ ئىنتىزامى — پولاتتەك ئىنتىزام، شۇنداقلا ئاڭلىق ئىنتىزام. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلغانلىقى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش لازىم. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى قەتئىي قوغداپ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنتىزام ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى بويىچە مۇۋاپىق ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىپ، ئالدىنقىلاردىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش، پارتىيىنىڭ ئىناقلىقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدىكى يادرولۇق، رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

(لى زىچى)

**توققۇزىنچى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ھەقىقي تۈردە ئادا قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى توغرا يۈرگۈزۈش كېرەك**

## 1. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دېگىنىمىز نىمە؟ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دېگىنىمىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئالدىدىكى ئۈتەشكە تېگىشلىك جاۋابكارلىقىدىن ئىبارەت. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى دېگىنىمىز نىمە؟ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى دېگىنىمىز پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۈرگۈزۈشكە يول قويۇلغان ھوقۇقى ۋە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك مەنپەئىتىدىن ئىبارەت. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرى — پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈستۈرۈشنىڭ كاپالىتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، پارتىيە، ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم پارتىيە ئەزالىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانىنى تۈزۈپ چىقىشى، شۇ ئارقىلىق پارتىيە قوشۇنىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ساقلىشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر دەل پارتىيىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا چەك قويۇشىدىن ئىبارەت. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئالدىدا ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە پارتىيىنىڭ بەلگىلىمە، تەلەپلىرى بويىچە ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى، سىياسىي جەھەتتىكى ۋە تەشكىلي جەھەتتىكى بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنى مەركەزلىشىپ بىرلىككە كەلگەن، جەڭگىۋارلىقى ئىگە پارتىيىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلمىسا، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئالدىدا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسا، پارتىيە ئەزالىرى خالىغىنىنى قىلسا، ئۇ ھالدا پارتىيىنىڭ بىرلىكى بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ يوقايدۇ. پارتىيە ئىچىدە ھەر - بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىگە ئىشتىراك قىلىش، پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرۇش ھوقۇقى بار، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە — دەل پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، شۇنىڭدەك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىدىكى زۆرۈر كاپالەت. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى بۇ ھوقۇقلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ۋە ئۇلارنى توغرا يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ

ئاكتىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى قوزغاپ، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ.

### 2) پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرى — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرى — ھەم قانداق قىلىپ بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى، ھەم بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتلىك ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. ئۇ بولسىلا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نېمىنى قىلىشى كېرەكلىكى، نېمىنى قىلماسلىقى كېرەكلىكى، نېمىنى توغرا قىلغانلىقى، نېمىنى خاتا قىلغانلىقى توغرىسىدا نىشان ئېنىق، ھەق - ناھەق ئايدىڭ بولىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە بولسىلا، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئاكتىپلارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ ۋە تەكشۈرۈپ، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا قولايلىق بولىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئۆلچەم ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتلىك ئەمەسلىكىنى ئۆلچەش پارتىيە ئەزالىرىغا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسى دېگەن نامنى ساقلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشتىمۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى توغرا يۈرگۈزۈش كېرەك

(1) كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر توغرىسىدا، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 3 - ماددىسىدا مۇنداق سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمە بەلگىلەندى: ① ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى، ئىلىم - پەننى، مەدەنىيەتنى ۋە كەسپنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش. ② قەتئىي ئېغىشماي پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش، جاپا چېكىشتە ئالدىدا، ھالاۋەت كۆرۈشتە ئارقىدا تۇرۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، ھەرگىز ئومۇمنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزى پايدا ئالماسلىق، ئۆز نەپسى دەپ ئومۇمغا زىيان سالماسلىق. ③ پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئېگىلمەس - سۇنماس روھ بىلەن ئىجرا قىلىش، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنداش، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى قاتتىق ساقلاش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش. ④ پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، تەرەپبازلىققا، بارلىق مەزھەپچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ۋە گۇرۇھۋازلىق ھەرىكەتلىرىگە، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىككە ۋە بارلىق سۇيىقەست ھەم ھىيلە - مىكىرلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش. ⑤ پارتىيىگە سادىق بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى يوشۇرماسلىق، ھەقىقىي ئەھۋالنى بۇرمىلىماسلىق؛ تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇش، خىزمەتتىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى دادىل ئېچىپ تاشلاش ھەم تۈزىتىش، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلارنى دادىل قوللاش، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلارغا دادىل قارشى تۇرۇش. ⑥ ئاممىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىلار بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىش، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاش ھەمدە پارتىيىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش، ئاممىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش. ⑦ ئىشلەپچىقىرىشتا، خىزمەتتە، ئۆگىنىشتە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رول ئويناش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداش، سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش. ⑧ ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ھەممە قىيىن ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە

كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا بەلگىلەنگەن بۇ سەككىز تۈرلۈك مەجبۇرىيەت كومپارتىيە ئەزالىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپلەرنى قويىدۇ، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى بۇ سەككىز تۈرلۈك مەجبۇرىيەتنى «ئەنگۈشتەر» قىلىپ، ئۆزىنى داۋاملىق ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشى لازىم.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سەككىز تۈرلۈك مەجبۇرىيىتىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① ئۆگىنىش جەھەتتە، ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ھەم سىياسىي نەزەرىيىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشنى، ھەم ئىلىم - پەننى، مەدەنىيەتنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنى سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كەسپىي جەھەتتە پىششىق مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ② ئىدىيە جەھەتتە، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن ھەر قانداق ۋاقىتتا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، شەخسىي مەنپەئىتىنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ③ سىياسىي جەھەتتە، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن ئىجرا قىلىش، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنداش، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ④ تەشكىلىي جەھەتتە، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش ھەمدە ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى بۇزىدىغان تەرەپبازلىققا، مەزھەپچىلىك تەشكىلاتلىرىغا، گۇرۇھۋازلىق ھەرىكەتلىرىگە، ئىككى يۈزلىمىلىككە ۋە بارلىق سۇيىقەست ھەم ھىيلە - مىكىرلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ⑤ ئىستىل جەھەتتە، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىگە سەمىمىي - سادىق بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشنى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇش، ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلارنى قوللاش، يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشنى؛ ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، ئامما بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىش، ئاممىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ۋە مەنپەئىتىنى قوغداشنى؛ ۋەتەننىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش كۈرىشىدە، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشنى؛ ئىشلەپچىقىرىشتا، خىزمەتتە، ئۆگىنىشتە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(2) كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرى توغرىسىدا. كومپارتىيە ئەزالىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلار توغرىسىدا پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 4 - ماددىسىدا مۇنداق سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمە بەلگىلەندى: ① پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرىدۇ، پارتىيىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئالىدۇ. ② پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پارتىيىنىڭ يىغىنلىرىدا ۋە پارتىيە گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ. ③ پارتىيە خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پارتىيە يىغىنلىرىدا پارتىيىنىڭ ھەر قانداق تەشكىلاتىنى ۋە ھەر قانداق ئەزاسىنى پاكىت ئاساسىدا تەنقىد قىلىدۇ. ④ پارتىيە ئالدىدا پارتىيىنىڭ ھەر قانداق تەشكىلاتى ۋە ھەر قانداق ئەزاسىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىرىنى جاۋابكارلىق بىلەن پاش قىلىدۇ، ئاشكارىلايدۇ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى يەڭگۈشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ⑤ ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ⑥ پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلاتى ئۆزىگە بېرىلىدىغان پارتىيە ئىنتىزام جازاسىنى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى باھالايدىغان چاغدا، ئۆزى ئۆپىدە تۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىغا ئىگە، پارتىيىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرسە ۋە ئۇنى ئاقلىسا بولىدۇ. ⑦ پارتىيىنىڭ قارارى ۋە سىياسىتىگە باشقىچە پىكرى بولسا، قارار ۋە سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە ھەمدە ئۆز

پىكرىنى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە سۇنسا بولىدۇ. ⑧ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە ئىلتىماس، شىكايەت ۋە ئەرز سۇنالايدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلالايدۇ. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 4 - ماددىسىدا يەنە پارتىيىنىڭ ھەر قانداق تەشكىلاتىنىڭ ھەتتا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يۇقىرىقى ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىشقا ھوقۇقى يوق، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سەككىز تۈرلۈك ھوقۇقىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ① پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ۋە پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرۈش ھوقۇقى بار. بۇ — پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇن، شۇنداقلا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا ۋاقتىدا قاتنىشىشى، كېچىكمەسلىكى، بۇرۇن چىقىپ كەتمەسلىكى، ئاسانلىقچە رۇخسەت سورىماسلىقى ياكى قاتناشماي قالماسلىقى لازىم. پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرگەندە ياكى پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنىڭ يەتكۈزمە روھىنى ئاڭلىغاندا، زېھنىي كۈچىنى يىغىپ ئىخلاس بىلەن كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم. ② پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش-سايلىنىش ھوقۇقى بار. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 4 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن بۇ «ئۈچ ھوقۇق» — كومپارتىيە ئەزالىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئەڭ ئاساسىي ھوقۇق. شۇڭا، ئاۋاز بېرىش ياكى سايلاش ۋاقتىدا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى بۇنى ئىنتايىن قەدىرلىشى لازىم. ③ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى بار. ئۇلار پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ؛ پارتىيە خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلاتى ئۆزىگە بېرىلىدىغان پارتىيە ئىنتىزام جازاسىنى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى باھالايدىغان چاغدا، ئۆزى ئۆز ئۈستىدە تۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىغا ئىگە؛ پارتىيىنىڭ قارارى ۋە سىياسىتىگە باشقىچە پىكرى بولسا، قارار ۋە سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە بولىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە ئىلتىماس، شىكايەت ۋە ئەرز سۇنالايدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەردە پارتىيە ئىچىدىكى يۈكسەك دېموكراتىيە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسچانلىقى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى توغرا تۈزۈپ چىقىش، قارىغۇلۇق ۋە خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىشتا، پارتىيە ئەزالىرىغا مۇۋاپىق جازا بېرىش ۋە ئادىل باھا بېرىش، ئۇلارغا خاتا جازا بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ناھەق ئەنزە، ساختا ئەنزە، خاتا ئەنزىلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ④ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نازارەت قىلىش ھوقۇقى بار. ئۇلار پارتىيىنىڭ ھەر قانداق تەشكىلاتى ۋە ھەر قانداق پارتىيە ئەزاسىنى تەنقىد قىلىش، پاش قىلىش، ئاشكارىلاشقا ھوقۇقلۇق؛ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى يەڭگۈشلەشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ بەلگىلىمىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ خاتا سۆز - ھەرىكەتلەرگە، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ناچار خاھىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىشى ھەمدە شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلغان. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلگەن نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى ھەر - بىر كومپارتىيە ئەزاسى ئادىل يۈرگۈزۈشى، ئۆزەمگە مۇناسىۋەتسىز دەپ، كارى بولماي يۈرۈشتەك لىبېرالىزملىق پوزىتسىيىسىنى تۈگىتىشى لازىم.

## 3. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن ھوقۇقلىرى — دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن ھوقۇقلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى تەرەپتىن ئىبارەت. ماركس: «مەجبۇرىيەتسىز ھوقۇق بولمايدۇ، ھوقۇقسىز مەجبۇرىيەتمۇ بولمايدۇ» دېگەن ئىدى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم 234 - بەت). مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش — ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ھوقۇق يۈرگۈزۈش — مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ كاپالىتى. مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇقنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش، ئايرىۋېتىش، ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشنىلا تەلەپ قىلىپ، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىق ياكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنىلا تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى نەزەرگە ئىلماسلىقنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس. بەزى پارتىيە ئەزالىرى مەجبۇرىيەتنى كۆپرەك ئادا قىلىش ھەقلىق، ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش - بولماسلىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، دەپ قارايدۇ. بۇنداق تونۇش ئەترەپلىق ئەمەس. چۈنكى، پارتىيە ئەزالىرى تېگىشلىك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولمىسا، مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلالمايدۇ. مەسىلەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، لېكىن ئۇ قارارنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، پاش قىلىش، ئاشكارىلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىسە، پارتىيىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندىمىغانلىق بولىدۇ. بەزى پارتىيە ئەزالىرى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭلا كويىدا بولۇپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. مەسىلەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىسىمۇ، ئەمما بەزى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغانلىقى، ئىپادىسى بىر قەدەر ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى يولداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ - دە، سايلام ۋاقتىدا ئاۋازغا ئىگە بولالمايدۇ. دېمەك، پارتىيە ئەزالىرى ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەجبۇرىيىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك؛ پەقەت مەجبۇرىيىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلغاندىلا، ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ.

## 4. پارتىيە ئەزالىرى ھوقۇقلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پارتىيە نىزامنامىسى — پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي قائىدە - نىزام بولۇپ، ھەر - بىر پارتىيە ئەزاسى ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشى شەرت. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى جەزمەن تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىسا، كومپارتىيە ئەزاسى بولالمايدۇ، قىسمەن مەجبۇرىيەتلىرىنىلا ئادا قىلغانلارنى لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلىرىنى جەزمەن توغرا يۈرگۈزۈشى كېرەك. نۆۋەتتە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق ئىككى خىل خاھىش بار. بىرى، بەزى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن، بەزى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتنىشىشنى، پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى كۆرۈشنى، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھى توغرىسىدىكى يەتكۈزۈش دوكلاتلىرىنى ئاڭلاشنى، ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى خالىمايدۇ، ۋە باشقىلار. بۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگىمۇ، ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىشىغىمۇ پايدىسىز، ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۇنى ئاڭلىق تۈزىتىش كېرەك. يەنە بىرى، ئاز ساندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ ھەتتا دەخلى - تەرۇز قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزى

پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرمايدۇ، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنىڭ روھىنى يەتكۈزۈشنى خالىمايدۇ؛ بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزاسىغا بېرىلىدىغان پارتىيە ئىنتىزام جازاسىنى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىدىغان چاغدا، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزاسىنى ياچېيكا چوڭ يىغىنىغا قاتناشتۇرمايدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا يول قويمايدۇ؛ بەزى پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنقىدىنى باسىدۇ، زەربە بېرىپ ئۆچ ئالىدۇ، ۋە باشقىلار. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلگەن ھوقۇقلار — پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كاپالىتى. پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلىنى ۋە ئىمتىياز ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا بىلىپ تۇرۇپ ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلارغا «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مىزان»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلدى، دەپ قاراپ تەكشۈرۈپ، تېگىشلىك پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قاتتىق بىر تەرەپ قىلغاندىلا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(ليۇ سۇيشېڭ)

## ئۈچىنچى، يېزىلىق - بازارلىق پارتكومنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى

پارتىيىنىڭ يېزىلىق - بازارلىق كومىتېتلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىپ يېزىلىق - بازارلىق پارتكوم دەپ ئېلىندى) — پارتىيىنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەيدىغان، تەربىيىلەيدىغان، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان رەھبەرلىك يادروسى.

يېزىلىق - بازارلىق پارتكومنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى:

### 1. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش

يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملار پارتىيىنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يادرولۇق رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتىگە بىۋاسىتە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق - بازارلىق پارتكوم ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، پەرمانلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرى، قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي رەھبەرلىك، ئىدىيىۋى رەھبەرلىك ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ئوبدان بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. 13 - قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى — دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، خەلقئارادىكى تەجرىبە ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پائال ئىزدىنىش ئارقىسىدا، پەيدىنپەي تېپىپ چىققان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش لۇشيەنىدۇر. بىز ئەمەلىي خىزمەتلەردە، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»نى چىڭ ئىگىلەپ ھەممىدە شۇ ئارقىلىق

ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن، پەرمانلىرى ۋە تۈرلۈك قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېزا خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. بۇ قارارلار يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ھەم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈپ — تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرىنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، خىزمەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش؛ ھەم «يۇقىرىنىڭ سىياسىتى بولسا، تۆۋەننىڭ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى بار» دەيدىغان تار مەھكىمىچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىش، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى، دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئاساس قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرى، قارارلىرىنى ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 2. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش

بىرىنچى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، زور مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش؛ پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش، پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ناتوغرا ئىستىللارنى چەكلەش؛ پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمىنى چىڭىتىش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش؛ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. پارتكومنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملار كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى (باش ياچېيكىلىرى) رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ ياچېيكا شۇجىلىرىنى ئوبدان تاللاش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، پارتىيە ئەزالىرىغا ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كوممۇنىزملىق ئېتىقادىنى چىڭىتىش، ئاڭلىق ھالدا جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا «پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش» ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، توغرا كەيپىياتنى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالدۇرۇپ، چىرىكلىكنى تۈگىتىش لازىم. پارتىيە ئىچىدە پەيدا بولغان چىرىك

ئۇنسۇرلارنى قەتئىي تازىلاش كېرەك. ئۇزاق مۇددەتكىچە پارتىيە ئەزالىق رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان، كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى يوقاتقانلارغا قارىتا ئەستايىدىل تەربىيە ئېلىپ بېرىش، يەنىلا تۈزەتمىگەنلەرنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش كېرەك.

ئۈچىنچى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. «ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي مىزانى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلار ئارىسىدىن مۇنەۋۋەر ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ تارقىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش لازىم.

## 3. يېزا - بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات فاڭجېنى، پىلانى ۋە ئىسلاھاتتىكى زور مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بەلگىلەش

يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملار «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» يېتەكچى ئىدىيىسىنى تىكلەپ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى زور مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بولغان رەھبەرلىكى، ئاساسەن سىياسىي ئىدىيە ۋە فاڭجېن، سىياسەت جەھەتتىكى رەھبەرلىك. مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتلەردىكى زور مەسىلىلەرنى پارتكوم كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلىشى، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. يېزىلىق پارتكوم ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا ئارتىۋالماسلىقى، يېزىلىق - بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، يېزىلىق - بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنى دادىل قوللىشى، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئۆز ۋەزىپىسى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەم ئىش تەقسىم قىلىۋېلىشى، ھەم ھەمكارلىشىشى، بىردەك ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئۇندىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى، زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتنى يارىتىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆۋرۈكلۈك ۋە مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم.

## 4. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېزىلىق - بازارلىق پارتكوم خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېزىلىق - بازارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى، باش نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چۆرىدىگەن ھالدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇشى لازىم. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش؛ پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش؛ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىغا غايە، مەقسەت ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش،

ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «مەدەنىيەتلىك كەنت»، «مەدەنىيەتلىك ئائىلە» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى ھەر خىل مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم مۇتەخەسسىسلەشكەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. مۇكەممەللەشكەن ئىدىيە - مەدەنىيەت سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى، جۈملىدىن مەدەنىيەت پونكىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتى، كىنو قويۇش ئورنى ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت دېھقانلار ئاممىسىنى مول مەزمۇنلۇق مەدەنىي تۇرمۇش داۋامىدا تەربىيەگە ئىگە قىلىش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش لازىم. دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇش ۋە دىنىي زاتلارغا بولغان تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىگە كىرگۈزۈش لازىم.

## 5. ھەر جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بىر مۇكەممەل سىستېما، ئۇنىڭدا رەھبەرلىك يادروسى ئورنىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيە تەشكىلاتى بار، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى بار، يەنە ئاممىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى بار. بۇ تەشكىلاتلار يېزىلاردىكى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمر - پەرمانلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىزاملىرى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش — يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملارنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. يېزىلىق - بازارلىق پارتكوملار مەركەزنىڭ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئەسكىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنىڭ روھى بويىچە، ياشلار خىزمىتى، ئاياللار خىزمىتى، خەلق ئەسكىرى خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىشى ۋە كۈچەيتىشى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى؛ خەلق ئەسكىرى قاتارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت - ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» بويىچە، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي كەنتلەردە كەنت - ئاھالە كومىتېتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىش، تەبىئىي كەنتلەردە كەنت - ئاھالە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىش لازىم. يەنە ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، دىنىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قاتارلىق ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان، ئۆزىنى - ئۆزى باشقۇرىدىغان، ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان تەشكىلاتلىرىنى تەسىس قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(تيەن جياڭپىڭ)

# ئون برنچى، دېھقانچلق، چارۋىچلق رايونلرىدكى پارتيه ياچېيكىلرىنىڭ ۋەزىپسى

دېھقانچلق، چارۋىچلق رايونلرىدكى پارتيه ياچېيكسى — پارتيىنىڭ دېھقانچلق، چارۋىچلق رايونلرىدكى ئاساسي قاتلام تەشكىلاتى، پارتيىنىڭ كەڭ دېھقان، چارۋىچلار بلەن بۋاستە ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، كەنت دەرىجلىك ھەر خل تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك خزمەتلەرنىڭ رەھبەرلك يادروسى. ئۇنىڭ ئاساسي ۋەزىپسى تۆۋەندكى بەش تۈرلۈك:

1. پارتيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سياسەتلرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلرىنى ئزچل ئجرا قلىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ، يېزا ئسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانچلق، چارۋىچلق رايونلرىنىڭ ئقتسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسيالزم يۈنلشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق بېيش يولىدا مېڭش.

پارتيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سياسەتلرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلرىنى ئزچل ئجرا قلش — ھەر دەرىجلىك پارتيه تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپسى. بر كەنت دائىرسىدە، پارتيىنىڭ فاڭجېن، سياسەتلرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلرىنى ئەمەلىي خزمەتلەردە ئزچىللاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى پارتيه ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئاڭلق ھەرىكتىگە ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك خزمەتلەرنى ياخشى ئشلەش — پارتيه ياچېيكسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ، پارتيه مەركىزىي كومىتېتى بلەن سياسىي جەھەتتە برىدەكلكنى ساقلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئەگەر پارتيه ياچېيكسى پەقەت كونكرېت، مەمۇرىي خزمەتلەرنىلا تۇتۇپ، پارتيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سياسەتلرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلرىنى تەشۋىق قلش ۋە ئجرا قلىشقا سەل قارىسا، ھەتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، چوقۇم پارتيىنىڭ رەھبەرلكى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ھەتتا سوتسيالزم يۈنلشىدىن ئادىشپ، پارتيىنىڭ سياسىي لۇشيەنىدىن چەتلەپ كېتىدۇ، پارتيه بلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى زيانغا ئۇچرايدۇ.

پارتيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سياسەتلرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارلرىنى ئزچل ئجرا قلىشتا، ئۆز كەنتىنىڭ ئەمەلىيتىنى ئاساس قلش كېرەك. پارتيىنىڭ سوتسيالزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسي لۇشيەنى ۋە يېزا ئسلاھاتىنىڭ باش نشانىغا ئاساسەن، سوتسيالستىك يېڭى يېزىلارنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ، پارتيه ئەزالىرى ۋە ئاممىنى تىرىشچانلىق كۆرسىتش ئارقلىق ئەمەلگە ئاشۇرغلى بولىدىغان كۆرەش نشانىنى، كونكرېت تەدبىرلەرنى ۋە ئەمەلىي قەدەم - باسقۇچلارنى كۆرۈش ئمكانىيىتىگە ئگە قلش لازىم. كەنت تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە، دېھقانچلق، چارۋىچلق ئشلەپچقىرش كۈچلرىنى ئاشۇرۇش، تاۋار ئگىلكىنى راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئگىلكىنى زورايتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساسي مەزمۇن قلىپ، ئۇنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈش ھەمدە ئۇنى پارتيه ياچېيكسىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپسى قلىپ بېكىتش لازىم.

نۆۋەتتە، دېھقان، چارۋىچلارنى يېتەكلەپ، دېھقانچلق، چارۋىچلق رايونلرىدكى ئسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، مەھسۇلاتقا برلەشتۈرۈپ، ئائىلەرگە ھۆددىگە بېرش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوش قاتلاملق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېھقانچلق، چارۋىچلىقنىڭ ئجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچلارنىڭ ئائىلە ئگىلكىنى باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقى بلەن كوللېكتىپ ئگىلكىنىڭ ئەۋزەللكىنى ئورگانىك برلەشتۈرۈش كېرەك.

كوللېكتىپ ئگىلكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قلش، ئاممىنىڭ ئېھتىياجلق بولغان، شۇ جايدا قىلالايدىغان ئشلارنى قلش كېرەك. كوللېكتىپ ئقتسادىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان كەنتلەر ئالدى بلەن

تۇتۇش ھەمدە ئەمەلىي ئىشلەش، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، يولنى تاللاپ، مەزمۇت قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، «بىرىنچىدىن، تەگشەش؛ ئىككىنچىدىن، يۈكسەلدۈرۈش» تىن ئىبارەت تەخمىنىي ئاقىلنىش كېرەك. ھازىرغىچە نامراتلىقتا تۇرۇۋاتقان دېھقان، چارۋىچىلارغا نىسبەتەن، ئەھۋالغا قاراپ، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، قىزغىنلىق بىلەن كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ تېزراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا يار - يۆلەك بولۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

2. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزا بازىسىنى ئىگىلەش.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى ئۆز كەنتىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىشى، دېھقان، چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دېموكراتىيە — قانۇنچىلىق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، شۇ ئارقىلىق، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، دۆلەت قارىشى، كوللېكتىپ قارىشى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىدىغان، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلارغا بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىسى، فېئودال - خۇراپاتلىق ۋە باشقا قالاق ئۇقۇمىشىنە زەرلەرنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە ساغلام، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار خىسلەت ئارقىلىق يېزا بازىسىنى ئىگىلەش لازىم.

تەشۋىقات - تەربىيىنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل بولۇشى، قاراتمىلىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم. ئىلگىرىكى بەزى ياخشى ئۇسۇللارنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىش، دېھقان، چارۋىچىلار ياقتۇرىدىغان، مول مەزمۇنلۇق، تەربىيە شەكىللىرى ئۈستىدە پەيدىنپەي ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئوبرازلىق — كۆرسەتمىلىك بولۇش، جانلىق - ئېتىك بولۇش، قائىدە - يوسۇنلارغا ئۇيغۇن بولۇش، جەلپ قىلارلىق كۈچى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. نۆۋەتتە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى دېھقان، چارۋىچىلارغا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىنىي قاراش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، دىنىي پائالىيەتلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردىكى مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇش لازىم. ئالايلۇق، مەدەنىيەت پونكىتى، تېلېۋىزور قويۇش ئۆيى، رادىئو ئاڭلىتىش بۆلۈمى، كىنو قويۇش ئۆمىكى، تەنتەربىيە مەيدانى قۇرۇش، سىملىق رادىئو كانايلىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3. پارتىيە ياچېيكىلىرى ئۆزىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئوبدان تەربىيىلەش، باشقۇرۇش.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنى سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ئىستىلى توغرا، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئاممىنى يېتەكلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارالايدىغان، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان

كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

بىرىنچى، پارتىيە ياچېيكا رەھبەرلىك بەنزىسى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى، پارتىيىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. ياچېيكا كومىتېتى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىشى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم. پارتىيە ياچېيكا كومىتېتى قەرەلىدە ئۆزگەرتىپ سايلىنىشى، سايلامدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، سايلىغۇچىنىڭ ئىرادىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى لازىم. پارتىيە ياچېيكا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ياچېيكىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەر شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى رەھبەرلىك ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىنىپ، ھەق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. نۆۋەتتە، ياچېيكا يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ۋە پارتىيە دەرسى تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئىككىنچى، پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش فاڭجېنى بويىچە، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرىنى ھەر يىلى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش تۈزۈمى ۋە ئۇلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ۋە ئاممىۋى خىزمەت، ئىجتىمائىي خىزمەت ئىشلەش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ياچېيكا ئىچىدە ۋەزىپىسى بولمىغان پارتىيە ئەزالىرىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. سىرتقا چىققان پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاپ، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش، چىرىك ئۇنسۇرلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، پىلانلىق، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم. پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارغا بولغان تەربىيىنى، يېتىشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شەرتى ھازىرلانغان مۇنەۋۋەرلەرنى، بولۇپمۇ ياش دېھقان، چارۋىچىلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى ۋاقتىدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىش كېرەك.

4. كەنت، گۇرۇپپا ۋە كەنت باشقۇرغان كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، تاللاش، كۆرسىتىش، سىناش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇش.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز يېزىلىرىدا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، يېزىلاردىكى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى كەڭ يېزا كادىرلىرىنىڭ جاپالىق خىزمىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، خېلى بىر قىسىم كەنت، گۇرۇپپا ۋە كەنت باشقۇرغان كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى ۋە رەھبەرلىك قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيىسى، ئىدىيىۋى ئىستىلى يېزىلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت تەرەققىياتى بىلەن

ماسلىشالمايۋاتىدۇ؛ بىر قىسىم كادىرلار كەيپىياتتا چۈشكۈنلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولمايۋاتىدۇ؛ بەزىلەر قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ؛ ئايرىم كىشىلەر ھەتتا كەنتلەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالارنى قاقشىتىۋاتىدۇ. شۇڭا، پارتىيە ياچېيكىلىرى كەنت، گورۇپپا ۋە كەنت باشقۇرغان كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلىشىگە ياردەم بېرىشى، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىگىلىشى؛ قاتتىق خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى؛ ئىش ئورنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە پاكلىق ئەھدىنامىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ھەمدە بۇنى ئاممىغا ئېلان قىلىپ، قەرەللىك سىناپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلىشى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاش، كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، غايىلىك، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، پاك - ئادىل، پىداكارلىق روھىغا باي ئاممىنى جاپالىق ئەمگەككە تايىنىپ بېيىشقا، ئورتاق بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، غەيرەتلىك، ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ياشلارنى تاللاپ، كەنت، گورۇپپا ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ كادىرلىقىغا كۆرسىتىش لازىم.

5. كەنت ئاھالە كومىتېتى، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار قۇرۇلتىيى، خەلق ئەسكىرى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇستەقىل قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يادرولۇق، رەھبەرلىك رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلغانلىكى كەنتلەردە باشقا كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ رولىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىلغان. ئەكسىچە بولغانلىرى، گويا قۇمدەك چېچىلىپ، خىزمەتلەرنى يۈكسەلدۈرۈشى قىيىنغا چۈشكەن. شۇڭا، پارتىيە ياچېيكىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

پارتىيە ياچېيكىلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش جەريانىدا، ھەم كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، كادىرلارنى سىناش ۋە نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە، پائالىيەتلەرنى مۇستەقىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى قوللىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشى، ھەم رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل ياخشىلاپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى كادىرلىرىنىڭ دادىللىق بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول قويۇشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماسلىقى لازىم.

ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش؛ ئۇلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى داۋاملىق ئاڭلاش، مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش؛ ئۇلارنىڭ ياشلارنى، ئاياللارنى تەشكىللەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولغان، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، پائالىيەت راسخوتى تەييارلاپ، پائالىيەت بازىسى قۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى پائال قوللاش كېرەك.

(يەن گوخۇي)

# ئون ئىككىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە ياچېيكا كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدە، ياچېيكا چوڭ يىغىنى ۋە ياچېيكا كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە، ياچېيكىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۆز - ئورنىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ قارارى، بۇيرۇقلىرىنى ئەستايىدىل يەتكۈزىدۇ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ؛ ياچېيكىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياچېيكا خىزمىتىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا چوڭ يىغىنىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلىشىگە سۇنىدۇ.

قەرەللىك ھالدا ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىنى ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ئومۇمەن ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، ۋاقىتتىن تاشقىرى ئېچىلىدۇ. ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىدا مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلىلەر: ئاساسەن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتلەر ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش مەسىلىسى؛ كادىرلارنى تەكشۈرۈش، تاللاپ ئىشلىتىش ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى مۇكاپاتلاش، جازالاش، باھالاش؛ كەنت ئاھالە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان كەنتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانى، لايىھىسى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار، خەلق ئەسكىرى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتى ۋە باشقا مۇھىم ئىشلار. ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ھەر قېتىم مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ياچېيكىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى تولۇق پىكىر قاتناشتۇرۇشى، شۇجىنىڭلا گېپى گەپ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. قارار ماقۇللىغاندا، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، ياچېيكا شۇجىسى ۋە باشقا ھەيئەتلەرنىڭ بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم. مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، پىكىردە ئىختىلاپ چوڭراق بولۇپ، دەرھال بىرلىككە كېلىش قىيىنراق بولسا، جىددىي ئىش بولمىسىلا، ئالدىراپ قارار چىقارماسلىق، كۆپچىلىك ئايرىم - ئايرىم كېڭىشىپ، ئاندىن مۇزاكىرە قىلىپ، بىر قېتىمدا بىرلىككە كەلگىلى بولمىغاندا، بىر - ئىككى قېتىم كۆپرەك مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىر بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، مەسىلەن، مەلۇم جىددىي خىزمەتلەرنى يەتكۈزۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش، مەلۇم جىددىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، قاتلاملارنى ئازايتىپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش؛ تايانچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى، پارتىيىلىك كادىرلار، مەمۇرىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى سىرتتىن قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىشقا بولىدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى كۆپ ئېچىۋېرىشكە بولمايدۇ. كېڭەيتىلگەن يىغىننى ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئادەتتە ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇددەتتىن بۇرۇن ئېچىشقا بولىدۇ، لېكىن،

كېچىكتۈرۈپ ئېچىشقا بولمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، ياچېيكا كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق زۆرۈر دەپ قارىسا، نۆۋەتتىن تاشقىرى ئېچىشقىمۇ بولىدۇ. ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلەر ئاساسەن ياچېيكىنىڭ خىزمەت پىلانى؛ ياچېيكا كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى؛ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاش؛ ياچېيكا ھەيئەتلىرىنى سايلاش ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاش، جازالاش، كەچۈرۈم قىلىش، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ياچېيكا ھەيئەتلىرىنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى ئالماشتۇرۇش؛ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش؛ ياچېيكا كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان باشقا مەسىلىلەرنى. ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلىدىغان ئىشلار بولۇپ، ياچېيكا كومىتېتى ئۇلارنى ئالدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئاساسىي مەسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك. يىغىن ئېچىشتىن ئىلگىرى يىغىننىڭ مەزمۇنى، تەلەپ، كۈنتەرتىپ ۋە ۋاقتىنى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ئۇقتۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان، ھەل قىلىنىدىغان مەسىلەردىن خەۋەردار قىلىش لازىم. يىغىندا پارتىيە ئەزالىرىنى تولۇق پىكىر بايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوللاش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. سايلام ئېلىپ بېرىش ۋە قارار ماقۇللاش ۋاقتىدا، ئەستايىدىللىق بىلەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىگە دائىر ۋاقىتلىق نىزامى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، يىغىنغا ئەمەلىي قاتناشقان سايلام ھوقۇقى بار ئادەم سانىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىدىن ئاشقان بولسا ھەممىدە قوشۇلغان ئاۋاز سانى يىغىنغا ئەمەلىي قاتناشقان سايلام ھوقۇقى بار ئادەم سانىنىڭ يېرىمىدىن ئاشقان بولسا، سايلام ئىناۋەتلىك ئىگە بولىدۇ.

ياچېيكا شۇجىلىرى ياچېيكا كومىتېتىغا ۋە ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىغا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ قارار ۋە يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈشى ھەممىدە يەتكۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا ئەينەن دوكلات قىلىشى كېرەك، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۇقىرىنىڭ قارارى، يوليورۇقلىرىغا پىكرى بولسا، ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا ئىنكاس قىلىش مەسئۇلىيىتى بار، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى بېسىپ قويۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، پارتىيە ئەزالىرى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە شەرتسىز ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ياچېيكا خىزمەت پىلانىنى تۈزىدۇ. ياچېيكا شۇجىسى دەسلەپكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۈزىتىلگەندىن كېيىن، ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە تاپشۇرۇش كېرەك. ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى ياكى ياچېيكا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتمىگەن ياچېيكا خىزمەت پىلانىنى، پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ياچېيكىنىڭ خىزمەت پىلانى يىللىق خىزمەت پىلانى، پەسىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىلان تۈزگەندە، مەركىزىي نۇقتا ئېنىق بولۇشى، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىنىشى، تەدبىر مۇۋاپىق بولۇشى، ئاددىي ۋە ئاسان بولۇشى لازىم.

2. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ، مەسىلە بايقالسا، ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىدۇ، داۋاملىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدۇ.

دائىملىق ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەش — ياچېيكا شۇجىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ بىرى. ياچېيكا شۇجىسى ئاساسىي زېھنىي - كۈچىنى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە سەرپ قىلىشى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئىشلىشى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى - خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، تەلەپلەرنى قاندۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىشى لازىم. ياچېيكا شۇجىسى تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئۈۋەنگە چۈشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللى بولغان ئەھۋاللارنى مۆلچەرلەپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىرىشىپ ئالدىن ئىشلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئۆزگەرگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىيالمىغان چاغلاردا، ياچېيكا شۇجىسى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ۋە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ۋە باشقا خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

3. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمەت پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋە ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ياچېيكا كومىتېتىغا، ياچېيكا يىغىنىغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا خىزمەتلەردىن .دوكلات قىلىدۇ.

ياچېيكا شۇجىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياچېيكىنىڭ خىزمەت پىلانى، قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. سەۋەبسىز ھالدا قارارنى ئىجرا قىلمىغان ياكى پارتىيە تەشكىلى تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆز ۋاقتىدا تەنقىد، تەربىيە بېرىش، قىلمىشى ئېغىرراقلىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش لازىم. ياچېيكىنىڭ خىزمەت پىلانى ۋە قارارلىرىنى ئوبدان ئىجرا قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، تەجرىبىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش كېرەك. مۇبادا، پىلان ياكى قارارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغانلىقى بايقالسا، ئۆز ۋاقتىدا ياچېيكا كومىتېتىغا ياكى ياچېيكا يىغىنىغا دوكلات قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

ياچېيكا شۇجىسى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ياچېيكا يىغىنىغا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارغا خىزمەتتىن دوكلات بېرىشى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشى لازىم. خىزمەت دوكلاتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھالدا بولۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ نازارىتىنى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

4. دائىم ياچېيكا ھەيئەتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

ياچېيكا شۇجىسى خىزمەتتە ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماسلىقى، ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى دادىل قانات يايدۇرۇشىغا يول قويۇشى؛ ياچېيكا ھەيئەتلىرى خىزمەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، قىزغىنلىق بىلەن كۆيۈنۈشى، كونكرېت ياردەم بېرىشى، زور مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ياچېيكا ھەيئەتلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىشى؛ ئادەتتە ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئەھۋالىنى داۋاملىق بىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىشى كېرەك.

ئاممىۋى تەشكىلاتلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بىر ئۇتاش رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىشى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۆز ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ياشلار، ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. زور پرىنسىپلىق ئىشلاردا، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئېتىبار بېرىشى، ئوبدان يېتەكلىشى لازىم؛ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئېلىپ بارغان كونكرېت پائالىيەتلەردە، ئۇلار ئۆز ئالاھىدىلىكى

ۋە تەلىپى بويىچە خىزمەت ئىشلىشى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئارىلاشماسلىقى كېرەك.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۆزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئورۇن، بۇ ئۇقتىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق رەھبەرلىك قىلىش چات كىرىۋالغانلىق ئەمەس. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە خىزمەتلەرنى مۇستەقىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشىنى قوللىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ كادىرلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا دادىل يول قويۇشى لازىم.

5. ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئوبدان تۇتۇپ، ياچېيكىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ۋاقتىدا ئاچىدۇ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

ياچېيكا شۇجىلىرى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ياچېيكا ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئوبدان تۇتۇشى، ئۇلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

ياچېيكا شۇجىلىرى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تۇرمۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىشتىن سىرت، ياچېيكا كومىتېتى ئايرىم ئاچقان دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغىمۇ قاتنىشىشى كېرەك. چۈنكى، ياچېيكا كومىتېتىدىكى «بىر بەن ئادەم» خىزمەتتە ئۆزئارا كۆپرەك ئۇچرىشىدۇ، بىر - بىرىنى بىر قەدەر چۈشىنىدۇ، ئادەتتە ئىدىيە ۋە خىزمەتتىكى بەزى ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنىدا قويۇش ئەپسىز بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ياچېيكا كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئېچىپ، ئىدىيە، خىزمەت ۋە ئىستىل جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سىردىشىپ، زۆرۈر بولغان تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ئۆزئارا نازارەت قىلىشى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇنداق قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاش، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى يۇقىرىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئىلمىي خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە گۇرۇپپىسىغا تايىنىپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، «ئىككى باشنى تۇتۇپ»، يۇقىرىنىڭ ۋە تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى، مۇھىم ئۇقتىنى تۇتۇپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، ھەر ۋاقىت پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

(لى جاۋپېڭ)

# ئۈچىنچى قىسىم ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر

## بىرىنچى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەت قارىشى

### 1. مىللەت — مۇئەييەن جەمئىيەت تارىخىي باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى

#### 1) مىللەت دېگەن نېمە؟

مىللەت توغرىسىدىكى تونۇش ئەزەلدىن ئوخشاش بولماي كەلدى. بۇرژۇئازىيە مىللەت — قانداشلىق مۇناسىۋىتى، دىنىي ئېتىقادى ياكى روھىي ھالەت ئۆزلۈكى ئوخشاش بولغان، توپ - توپ بولۇپ ياشايدىغان

ئىنسانلار، ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش تۈپتىن خاتا.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەت — مۇئەييەن جەمئىيەت تارىخىي باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئەزەلدىنلا بار بولغان نەرسە ئەمەس، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. مىللەت پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ئىگە. ستالىن 1913 - يىلى «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ئەسىرىدە مىللەتكە تەبىر بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مىللەت ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت قۇرۇلۇشى ئورتاقلىقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكتۇر.» («ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن ئومۇمىي لېكسىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 54 - بەت) ستالىننىڭ بۇ تەبىرى ياۋروپادىكى ھەر قايسى بۇرژۇئا مىللەتلىرى تىپ قىلىنغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان مىللەتنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتى بىر مىللەتنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىلا مىللەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى پەرق ئېتىشتە، ستالىننىڭ مىللەت توغرىسىدىكى تەبىرىگە ئاساسەن، ئومۇمەن جۇڭگو زېمىنىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىكى ئادەملەرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى، مەيلى ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى، تېررىتورىيىسىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى، جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاساسەن مەملىكىتىمىز زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقى، تىل - يېزىق ئورتاقلىقى، كىيىنىش، ئۆرپ - ئادەت، مىللەت ئېڭى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىلا، ھەممىسى «مىللەت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىگەن.

## 2) مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

مىللەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى مەسىلە — ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت ھايۋانات ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قانداشلىق مۇناسىۋەت بەلگە قىلىنغان ئادەملەر بىرلىكى — ئۇرۇق، قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، ئالماشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ ۋە سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق پەيدا بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى، نەتىجىدە، ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان قەبىلىدىكىلەر، تار دائىرىدىكى چەكلىمىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە تۇرۇقداش قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىشىش ۋە بىرلىشىشنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، تۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر پەيدىنپەي يىمىرىلدى، تېررىتورىيە ۋە بەزى سىياسىي ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ باغلىنىشى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلىنغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئەسلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ چاغدا، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى تېررىتورىيە، تىل ۋە روھىي ھالەت ئورتاقلىقى قاتارلىق ئامىللار پەيدىنپەي شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاۋار، پۇل، ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەلۇم دائىرىدىكى بازارلار بارلىققا كەلدى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، بەزى بۆلۈنۈپ كەتكەن، يىمىرىلگەن ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئومۇملىشىپ پائالىيەت ئۆتكۈزگەن ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىدىن بىر خىل يېڭى ئادەملەرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى — مىللەت ۋۇجۇدقا كەلدى.

دېمەك، مىللەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي

قىلىشى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، پەيدىنپەي پەيدا بولغان. بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپلا مىللەتمۇ بولغان ئىدى دەيدىغان قاراشلىرى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇرۇقداش قەبىلىلەر مىللەتتىن بالدۇر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋاستە قىلىنغان، ھالبۇكى، مىللەت — تېررىتورىيە ئومۇمىيلىقى ئاساس قىلىنغان، ئۇ ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇستەھكەم بىرلىكتۇر. مىللەت ئىرققا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئىرق مىللەتتىن بالدۇر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىرق ئىرسىيەتلىك تەن سۈپىتى ئومۇمىيلىقى بەلگە قىلىنغان توپ - توپ بولۇپ ياشايدىغان ئىنسانلاردۇر، ئۇ كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى، بەدەن قۇرۇلۇشى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە قاراپ ئايرىلىدۇ، ئۇ تامامەن ماددىي دۇنياغا تەئەللۇق تەبىئىي ھادىسىدۇر؛ ھالبۇكى، مىللەت بولسا جەمئىيەتشۇناسلىققا تەئەللۇق تارىخىي ھادىسىدۇر.

مىللەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قۇلدارلىق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن چاغدا، مىللەتلەرمۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇلدارلىق مىللەتلەر، فېئوداللىق مىللەتلەر، بۇرژۇئا مىللىتى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر، دەپ ئاتالدى. لېكىن بۇ ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە مۇنداق بىر نەچچە خىل ئەھۋال بولغان: بىرىنچى، بەزى مىللەتلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، ئۇلار ھازىر مەۋجۇت ئەمەس، ئالايلۇق، قەدىمكى دەۋردە، دۆلىتىمىزدە ياشىغان ھونلار، كىدانلار، سىيانپىيلار، ۋەھاكازالار؛ ئىككىنچى، ئەسلىدىكى بىر نەچچە كىچىك مىللەت چوڭ مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن؛ ئۈچىنچى، بەزى تەرەققىياتى ئاستا بولغان مىللەتلەر پەۋقۇلئاددە شارائىتتا، بىر ياكى بىر نەچچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكەن؛ تۆتىنچى، ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي دەۋردە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرمۇ بار، ئالايلۇق، كونا جۇڭگو يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە دەۋردە تۇرغان مەزگىلدە، سىچۈەننىڭ لياڭشەن رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يەنىلا قۇلدارلىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئۆتكۈزۈپ، قۇلدارلىق جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك تەركىبىنىڭ بىر خىللا بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا ئۇزاققىچە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىر مەملىكەتتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت ھادىسىنى شەكىللەندۈردى.

قىسقىسى، مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىچكى، تاشقى مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق. ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

### 3) مىللەتنىڭ يوقىلىشى

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، مىللەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، كەلگۈسىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا يوقىلىدۇ. مىللىي ئايرىمچىلىق ۋە قارىمۇ قارشىلىق كۈندىن - كۈنگە يوقىلىپ بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە يوقىلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، ھالبۇكى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە

يوقىلىشى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا تەبىئىي بولىدۇ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان مۇقەررەر يۈزلىنىش ۋە نەتىجە.

مىللەتنىڭ يوقىلىشى دېگەندە، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر يوقىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئاخىر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە مىللىي توساق بولمىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، مىللەتمۇ يوقىلىدۇ.

مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مىللەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە يوقىلىشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق. پۈتكۈل دۇنيا كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا ئۆزاق مۇددەتلىك ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ھەر قايسى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاخىر يوقىلىدۇ، پۈتكۈل دۇنيادىكى مىللەتلەر بىر پۈتۈن ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلانغان ۋاقتى — مىللەتنىڭ يوقالغان ۋاقتىدۇر.

بۇ يەرگە شۇنى ئوقتۇرىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى — تارىخ تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يولغا قويۇلغاچقا، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم يوقىتىلدى، مىللىي زۇلۇم ۋە باراۋەرسىزلىكنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەيىمۇ يوقىتىلدى، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى جەمئىيەتنىڭ خوجىسى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ مىللىي ئايرىمچىلىق ۋە قارىمۇ قارشىلىقنى يوقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشەنچلىك ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنداق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ئامىلىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش باسقۇچى ئەمەس. بۇنداق كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ئامىلى كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىلا، تولۇق تەرەققىي قىلىپ، مىللەتلەر پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دېمەك، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى — قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى — مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچتا، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ھەرگىز سۈنئىي يوقىتىش كويىدا بولماسلىقىمىز، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى بىۋاسىتە جىددىي ۋەزىپە قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. لېكىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە قويۇقلىشىشىنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىنى، پەرقنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشىنى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى ئامىللار ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىشىنى قىزغىن قوللىشىمىز كېرەك.

كوممۇنىزم پۈتكۈل دۇنيادا ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، يەنە ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاخىرى مىللەتلەر قوشۇلۇپ كېتىدۇ ۋە يوقىلىدۇ.

قىسقىسى، مىللەت — مۇئەييەن جەمئىيەت تارىخىي باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. بۇ — مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. بۇ

قانۇنىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مىللەت مەسىلىسىگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدىن قاراپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. جەمئىيەت تارىخىنىڭ شەرت - شارائىتىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلمايدىغان، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ياكى مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىي باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مىللەتنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان خاتا خاھىشلارنى تۈزىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

## 2. مىللىي مەسىلە — ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى

### 1) مىللىي مەسىلە دېگەن نېمە؟

مىللىي مەسىلە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياكى زىددىيەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئاساسەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ.

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەت مەسىلىسى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ۋە تۈرلۈك مەملىكەتلەردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللىي مەسىلە مىللەت ۋە سىنىپىي ئامىل بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەمدە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان، مىللىي ئايرىمچىلىق، كەمسىتىش، ئۆچ ئېلىش، توقۇنۇش ۋە كۈرەشلەر — مىللىي مەسىلىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ۋە مەزمۇنى. سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە — مىللىي مەسىلە ۋە كۈرەشنى پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي يىلتىز، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرسىزلىكى ۋە ئىناق بولالماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب. دەرۋەقە، مىللەت بىلەن سىنىپ ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم، مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلە ھەم مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللىي مەسىلىنىڭ ھەممىسىلا سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى بولۇۋەرمەيدۇ. مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ، ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىناق ئۆتۈش ۋە دوستانە باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغانلىقى، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتتە بىردەك بولۇش ئاساسىدا باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇنداق مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ مەزمۇنى — ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزدە سىنىپىي زىددىيەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇشتىن قالغانلىقتىن، مىللىي مەسىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇھىم سەۋەب بولالماي قالدى. لېكىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، مىللىي مەسىلىگە مۇقەررەر ھالدا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. ئەينى ۋاقىتتا بىز شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ — سوتسىيالىستىك دەۋردە مىللىي مەسىلىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. دەرۋەقە، بۇ دەۋردىكى مىللىي مەسىلە ئىلگىرىكى مىللىي مەسىلىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مۇرەككەپ ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر.

## 2) مىللىي مەسىلە — ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى

مىللىي مەسىلە ئەزەلدىن ئىجتىمائىي ئىنقىلاب تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ باشتىن - ئاياغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكىن مىللىي مەسىلە ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق دۆلەت ۋە دەۋرلەردىكى مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئىنقىلابتىن ئايرىلغان ھالدا ھەل بولمايدۇ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مەسىلىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىش - قىلىنماسلىقى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ ۋە ئامانلىقىغا، گۈللىنىشى ۋە زاۋالغا يۈز تۇتۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مىللىي مەسىلە بىلەن ئىجتىمائىي ئىنقىلابتىكى ئومۇمىي مەسىلە بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەت سىرتىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئىنقىلاب تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى.

ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە تەرەققىياتتىكى ئومۇمىي مەسىلە ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە پرولېتارىيات ئىنقىلابىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. سوتسىيالىستىك دەۋردىكى مىللىي مەسىلە بولسا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. دېمەك، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، پەيدىنپەي ھەل بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى مىللىي مەسىلىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بولغان تەسىرى ۋە رولىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىكى ئورنىنى توغرا تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە پۈتكۈل ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا، مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، توغرا سىياسەت ۋە قانۇن ئارقىلىق مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشىگەن ۋە ياخشىلىغاندىلا، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ ئەكسىچە، مىللىي مەسىلىگە سەل قارىغان ياكى ئۇنى خاتا بىر تەرەپ قىلغاندا، پۈتكۈل ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ ھەتتا مەغلۇپ بولىدۇ.

## 3. سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش — مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى

بارلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدۇ. بۇ — ماركسىزم - لېنىنىزم ئېچىپ بەرگەن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. لېنىن بارلىق مىللەتلەر سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدۇ، بۇ — مۇقەررەر، لېكىن بارلىق مىللەتلەرنىڭ مېڭىش ئۇسۇلى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ، دېموكراتىيىنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق شەكلى جەھەتتە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق تىپى جەھەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ سۈرئىتى جەھەتتە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى.

مەملىكىتىمىز ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ كۈرەش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ — تارىخ ئىسپاتلىغان ھەمدە داۋاملىق ئىسپاتلاۋاتقان ھەقىقەت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دونياغا كەلگەندىن بۇيان، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنى باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسىنىڭ بىرى قىلدى ھەمدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى بىكار قىلىندى، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىناق ئۆتۈش ۋە بىرلىكتە گۈللىنىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋر ئېچىلدى. بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئېلىپ دۆلىتىمىزدە مىللىي مۇناسىۋەت تۈپتىن ئۆزگەردى. پارتىيىمىز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن باراۋەرلىك - ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىش پرىنسىپى دۆلەتنىڭ ئاساسىي سىياسىتى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئۈزلۈكسىز بېيىدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە باشقا ساھەلەردىكى شانلىق نەتىجىلەر خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغۋار تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا باراۋەر بولۇش مېخانىزمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى؛ ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مىللەتلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئۆزگىرىش تېخىمۇ زور بولدى؛ تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى؛ بەشىنچى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى.

ئۈزۈەتتە، مەيلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسۇن، ياكى كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسۇن ۋە ياكى زاۋۇت، يېزا، ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، قىسىملاردا بولسۇن، مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە گۈزەل يېڭى تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىدىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

قىسقىسى، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە مىللىي خىزمەتتە شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر توپلاندى، لېكىن يېتەرسىزلىكلەر ۋە سەۋەنلىكلەرمۇ بولدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، مىللىي مەسىلە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيىتى، مائارىپى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئىچكى ۋە تاشقى سىنىپىي كۈرەشمۇ مۇقەررەر ھالدا مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك دەۋردە مىللىي مەسىلە يەنىلا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە مىللىي زۇلۇم يوقىتىلىپ، مىللەتلەر تۈپ مەنپەئەت جەھەتتە بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىدىمۇ تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مىللىي مەسىلىمۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈم مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا ھەل قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەقەت سوتسىيالىزم يولىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي تۈزۈمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت جەھەتتىكى قارىمۇ قارشىلىقنى تۈگىتىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ پەقەت سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقىنى ئازايتىپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ؛ پەقەت سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت رەزىل سۇيىقەستىنى بەربات قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىم

### 1) تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل مىللەت قارىشى

مىللەت قارىشى — دۇنيا قارىشىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ — كىشىلەرنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئاساسىي قارىشى، مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پروگراممىسى ۋە سىياسىتى. ھەر

قايسى سىنىپلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشمۇ ئوخشىمايدۇ ھەمدە ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللەت قارىشى بويىچە مىللىي پروگراممىا، مىللىي سىياسەت تۈزىدۇ ۋە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە سىنىپى بۈگۈنكى دۇنيادا ئىككى ئاساسىي چوڭ سىنىپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىدە پرولېتارىياتچە مىللەت قارىشى بىلەن بۇرژۇئازىيىچە مىللەت قارىشى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ — ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ئىككى خىل مىللەت قارىشى.

پرولېتارىيات ئۆز ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنىمۇ ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى يېتەكچى پرىنسىپى — ئىنتېرناتسىيونالىزمدۇر. بۇرژۇئازىيە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولغاچقا، ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى يېتەكچى پرىنسىپى — مىللەتچىلىكتۇر.

ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزدە بۇرژۇئازىيە سىنىپى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى بەزى ئامىللار تۈپەيلىدىن، سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنىلا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بەزى تەرەپلىرى يەنىلا مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىدۇ. تارىختىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ، بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ بىر تەرەپلىمە مىللىي قارىشىنى بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىن دەرھال تازىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، پرولېتارىيات مىللەت قارىشى بىلەن بۇرژۇئا مىللەت قارىشىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە كۈرىشىمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

## 2) ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

پرولېتارىيات مىللەت قارىشى يەنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە ئاساسىي نۇقتىسىنەزەرى — مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى، گۈللىنىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ خەلقئارادا، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، ئېزىلگۈچى مىللەت ۋە خەلقنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى — پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ھەل قىلىشىمىزدىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيە، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى ئاساس قىلغاندا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي مەسىلە — پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ — دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

مىللەت ئوخشاش بولمىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللەت ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەت دەپ ئايرىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىشى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، سوتسىيالىزم — كوممۇنىزم قۇرۇش داۋامىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلە ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا ھەل قىلىنغانىدى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىنى ھەل

قىلىشتا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتى ۋە تۈپ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم. ئايرىم مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن بىرلىكتە ئويلىشىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مىللىي مەسىلە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ھەل قىلغاندىلا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، مىللەتنى چوڭ - كىچىك ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىماي، بىردەك باراۋەر بولۇش.

مىللىي باراۋەرلىك — ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بويىچە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى. مىللەتلەر باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم شەرتى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى بىز ئورۇنداپ بولدۇق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز بىر قەدەر سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل قانۇن، نىزام ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش، مىللىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى تولۇق يۈكسەلدۈرۈش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش، مىللىي تىل - يېزىقنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان خوجايىنغا ئايلاندۇردى. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، تارىختىن قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق يەنىلا مەۋجۇت. بۇ — ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئۈچىنچى، ئىنتېرناتسىئونالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى بىرلىكتە ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار تارىخىنى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. يېقىنقى زاماندا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتتى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، ۋەتەننى سۆيۈشتىن ئىبارەت مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتەننى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئايرىلماسلىقى لازىم. پەقەت كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ۋە مىللەت تەرەققىي قىلىدۇ، ئاۋاتلىشىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ.

ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى، بۇ — ئاساسىي ئېقىم. لېكىن يەنە بەزى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئاساسەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەردىن ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ. بىز بايرىقىمىز روشەن ھالدا

بارلىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت داۋامىدا پەيدا بولغان بەزى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپمۇ بار، پائال راۋانلاشتۇرۇش، تەربىيە بېرىش، مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. چوڭ مىللەتچىلىك چوڭ خەنزۇچىلىق بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىك بولۇپ، ئۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسى، لېكىن ئۇ تونۇش مەسىلىسى بولۇپ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. شۇڭلاشقا، قەتئىي بوشاشماي تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تۈگىتىش لازىم.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش، خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىسىگە ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلگەن ۋە يولغا قويۇلغان سىياسەت. بۇ سىياسەت — مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرا بىرلەشتۈرۈلگەن بىر ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، بىرلىششتىن ئىبارەت پرىنسىپ ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ — مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسەت، دۆلەتنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى. 40 يىلدىن ئارتۇق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق، تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

بەشىنچى، سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى — سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى ۋە مەقسىتى. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ھالبۇكى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسا، بىر مىللەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساس. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى بىلەن دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، دۇنيا مىقياسىدىكى مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتا، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمدا چىڭ تۇرۇش.

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى مىللەتلەرنىڭ تامامەن باراۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى دوستانە ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەر بىرلىشىڭلار!» — پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمنىڭ بۈيۈك شوئارى ۋە مۇھىم پرىنسىپى. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن مىللەتلەر ئېزىلگۈچى مىللەت ۋە خەلققە نىسبەتەن ئىدىيە ۋە ئەخلاق جەھەتتە زىممىسىگە ئالغان ياردەم ۋە مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىنتېرناتسىئونالىزملىق مەسئۇلىيىتىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. بۇنداق ئىنتېرناتسىئونالىزم دۆلىتىمىز تەشەببۇس قىلغان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى بىلەن بىردەك. بىز خەلقئارادىكى مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلغىنىمىزدا ھەم ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ھەم خەلقئارا مىزان بويىچە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن بولغان دوستانە، ئىناق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

(چى جىتىڭ)